

# پەن ۋە تۇرمۇش

1

1985

# ئاپتوماتىك ماشىنىلار




شىۋېتسىيىدە ئىشلەنگەن يۈك يۆت-كىيەلەيدىغان مېخانىكىلىق قول.



شىۋېتسىيىدە ماشىنا ئادەم ئارقىلىق مېتال كېسىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلماقتا.



ياپونىيىدە پارنىكتا هۆل ئىسسىقلىق ۋە ئوزۇقلۇق سۇ تەركىۋىنى مۇۋاپىق ساقلاپ كۆكتاتلارنىڭ تېز ئۆسۈشىنى ئىلگى-رى سۈردى.




فىرانسىيە لىل شەھىرىدىكى مېترو ماشىنىستسىز ئاپتوماتىك پويىز.




شىۋېتسىيە ئاسىيا شىركىتى ياسىغان ماشىنا ئادەم مەشغۇ-
لاتى ئۈستىدە

# پەن ۋە تۇرمۇش

1 - سان

1985 - يىل، مارت

(پەسىللىك ژورنال)

(ئومۇمى 2 - سان)


## مۇندەرىجە

### سالامەت بولۇڭ


ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئائىلىدە داۋالىنىشى توغرىسىدا ............ ئىلشات ئېلى تەرجىمىسى ( 1 )

نىمە ئۈچۈن قىشتا ئادەم بەدىنى ئوڭاي قىچىشىدۇ ............ ئېزىز ئىبراھىم تەرجىمىسى ( 6 )

پويىزدىكى سەپىرىڭىزگە سالامەتلىك تىلەيمىز ............ ھۇشۇر ۋەدىل تەرجىمىسى ( 7 )

پەدەز بۇيۇملىرىدىن بولىدىغان تېرە ياللۇغلىنىشتىن قانداق ساقلانغىلى بولىدۇ ............ مەريەم ئابدۇ قادىر تەرجىمىسى ( 10 )


### تۇرمۇش بىلىملىرى


ئائىلىدە رەڭلىك سۈرەت يۇيۇشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلى ............ باتۇر مامۇت تەرجىمىسى ( 11 )

سۇنئى تالادىن توقۇلغان بۇيۇملارنى قانداق يۇيۇش ۋە دەزماللاش كېرەك؟ ... ت.ئەمەت تەرجىمىسى ( 20 )

بىر يۇتۇم ئىسپىرتنىڭ مەخپى يولى ............ رىزۋان يۈسۈپ تەرجىمىسى ( 21 )

تۇخۇم سېرىقى يىسە، ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى ئاشىدۇ ... پاتىمە ياقۇپ تەرجىمىسى ( 28 )


### بىلمۇ بىلمەك


نافتالىننىڭ يوشۇرۇن ئاپەتكە پەخەس بولۇڭ ............ مەتىمىن بۇرھان تەرجىمىسى ( 26 )

نىمە ئۈچۈن قاسقان سۇيىنى ئىچىشكە بولمايدۇ؟ ............ ( 6 )

نىمە ئۈچۈن گۆش توغراش ماشىنىسىدا توغرالغان قىيمىنىڭ تەمى پىچاقتا توغرالغان قىيمىنىڭكىدەك تەملىك بولمايدۇ؟ ............ تاجىگۇل ئادىل تەرجىمىسى ( 24 )

سولياۋ توڭغا بېنزىن قاچىلىسا بولامدۇ؟ ............ ئابدۇنەيىم مىجىت تەرجىمىسى ( 27 )


### ئالىملار ھەققىدە


ئارىستو تىل ............ ئابدۇكۆرەش ئېلى تەرجىمىسى ( 29 )

ۋاقىتنى قەدىرلىگۈچى ئادەم ............ سامساق سادىق تەرجىمىسى ( 38 )


### ئەتىراپىمىزدا


ئېلېكتىرونلۇق قول سائىتى ھەققىدە سوئال - جاۋاپلار ...... ياقۇپ رۇستەم تەرجىمىسى ( 31 )

نىمە ئۈچۈن بەزى قۇياش نۇرلۇق لامپىلاردا بىر دانە تامچىسىمان سىماپ شارچىسى بولىدۇ؟ ( 34 )

ئۇنىئالغۇنى رەڭلىك تېلېۋىزورنىڭ يېنىدا قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس ...... قەھرىمان تەرجىمىسى ( 56 )

## ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى

نېمە ئۈچۈن سوغاق ساقلاش ساندۇقىنىڭ قېپى ئىسسىق بولىدۇ؟ ... مەمەت بارات تەرجىمىسى ( 37 )
ئۈن ئالغۇ ۋە ماگنىتلىق لېنتىنى ئاسراپ ئىشلىتىش توغرىسىدا مەسلىھەت ... يالقۇن سەمەرتۈزگەن ( 39 )

## بالىلار تەربىيىسى

سىزنىڭ بالىلىرىڭىزمۇ مۇشۇنداقمۇ؟ ........................ ئابدۇۋايىت قاسىم تەرجىمىسى ( 41 )
بوۋاق ۋە پاخلان كورپە ........................ رەشىدە ئىسمايىل تەرجىمىسى ( 44 )
بالىلارغا پالەكنى كۆپ يېگۈزۈش پايدىسىز ............ راخمانجان رۇسۇل تەرجىمىسى ( 18 )

## ئۆزىڭىز ياسىۋېلىڭ

ئەڭ ئاددىي ئېلېكترونلۇق مۇزىكا ........................................ ئاسان ( 45 )
ئۆزى ياسىۋېلىشقا بولىدىغان دوش ........................ جۈرئەت قادىر تەرجىمىسى ( 47 )

## يېزا ئىگىلىك بىلىملىرى

دېخانچىلىق دورىسى بىلەن زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ............ ھۆسەنجان تۇنىياز ( 48 )
دېخانچىلىق دورىلىرى ھەققىدە ساۋات ..................... سالاۋات ئەخمەت تەرجىمىسى ( 50 )
سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇقنىڭ رولى ................................ ئابدۇرېھىم مامۇت ( 53 )
ئەتىيازدا تىكىلگەن كۆچەت ئاسان تۇتىدۇ ............................ غۇپۇر ھۇشۇر ( 54 )

## پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى

▲ ئاۋاز ئارقىلىق كونترول قىلىنىپ يورۇتىلىدىغان سائەت ▲ ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك
كىچىك ئاپتوموبىل ........................................ قادىر نىياز تەرجىمىسى ( 55 )
ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى ئەڭ ئېغىر بولىدىغان جاي .................. زۇنۇن باقى تەرجىمىسى ( 52 )

## شىنجاڭدا

مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تەبىئىي ئاسراش رايونى ......... ياقۇپ ناسىر تەرجىمىسى ( 58 )

## ئىلمىي ھېكايە

خەيىر - خوش ئەزرائىل ........................................ تۇرسۇن يۈسۈپ تەرجىمىسى ( 60 )

مۇقاۋىنىڭ: 1 - بېتىدە: تەتقىقات ئۈستىدە    لۇۋاڭخاۋ فوتوسى
2 - بېتىدە: قىزىل ھەشقىپىچەك

---

شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيەت جەمئىيىتى
«پەن ۋە تۇرمۇش» تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى بېيجىڭ يولى 11 - قورا) تېلېفون: 37638
ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى.
گېزىت - ژۇرناللارنى تىزىملاش كىنىشكە نومۇرى 344 . باھاسى 0.25 يۈەن

新疆科普创作协会“科学与生活”编辑部编辑出版
乌鲁木齐市印刷厂印•新疆新华书店发行•报刊登记证第344号

# ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئائىلىدە داۋالىنىشى توغرىسىدا.

80 - 90% ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى سوزۇلما كانايچە ياللۇغى، زىققا قاتارلىق ئادەتتىكى كېسەللىكنىڭ قايتا ـ قايتا قوزغىلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئاز ساندىكى ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى ئېغىر بولغان كىشىلەر بالىنىتسىدا يېتىپ داۋالىنىشتىن سىرت، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كېسەللەر ئائىلىدە دەم ئېلىپ داۋالىنىدۇ. شۇڭا، ئائىلىدە ياخشى كۈتۈش، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنى داۋالاپ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى دېگەن نېمە؟

يۈرەك بىلەن ئۆپكە كۆكرەك بوشلۇقىدىكى ئۆز ئارا تۇتاشقان ھەمنەپەس ئىككى مۇھىم ئەزا بولۇپ، يۈرەك ــ قاننىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرار ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولسا، ئۆپكە ــ قاننىڭ ئايلىنىشىدىكى بىردىن - بىر يول، ھەم ئادەم بەدىنىنىڭ ئوكسىگېننى قوبۇل قىلىپ كاربوننى چىقىرىدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا: «كونىنى چىقىرىپ، يېڭىنى قوبۇل قىلىدىغان» ئەزادۇر. كىشىلەر سوزۇلما كانايچە ياللۇغى، زىققا قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغاندا، نەپەس يولىنىڭ شىللىق پەردىسى سوزۇلما ياللۇغلىنىشتىن ئىششىپ قېلىنلىشىدۇ. بەلغەم ئاجرىتىشى كۆپىيىپ، كانايچە بوشلۇقى تارىيىدۇ. ئۆپكىگە كىرىپ چىقىدىغان نەپەس توسالغۇغا ئۇچراپ، بىر قىسىم ھاۋا ئۆپكە پۇۋەكچىلىرىدە توسۇلۇپ،



ئۆپكە پۇۋەكچىلىرى كېڭىيىدۇ - دە، پۇۋەكچىلەر دېۋارى نېپىزلاپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر مېدىتسىنادا «ئۆپكە يەللىك ئىششىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. ياللۇغلىنىش يەنە نەپەس يولىنىڭ قان تومۇرلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، قان تومۇر دېۋارى قېلىنلىشىپ، قان تومۇر بوشلۇقى ئىنچىكىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆپكە پۇۋەكچىلىرى دېۋارى كېڭىيىپ، دېۋاردىكى قىل قان تومۇرلار ئېغىر بېسىمغا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قان ئايلىنىپ ئۆپكىگە يېتىپ بارغاندا، نورمال ئەھۋالدىكىدىن خېلى زور توسالغۇغا ئۇچراپ، يۈرەكنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆزۈرىشى بىلەن، يۈرەك قاتتىق چارچاپ، ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. نەتىجىدە يۈرەك زەئىپلىشىشكە باشلايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۆپكە كۆكرەك كېسەللىكىدىن كېلىپ چىققان بۇ خىل يۈرەكنىڭ زەخىملىنىشى، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى دەپ ئاتىلىدۇ.

«سالامەت بولۇڭ»

## كېسەل ئالامىتىنىڭ تۈرلىرى

ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى دىگىنىمىز — ئۆپكە، يۈرەك كېسەللىكىنى ئاساس قىلغان پۈتۈن تەن خاراكتېرلىق كېسەللىك بولۇپ، كۆپ ساندىكى كېسەللەردە يۆتەل، بەلغەم، زىققا قاتارلىق ئەسلىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى بولغانلىقتىن، بەزىدە يېنىك بەزىدە ئېغىرلىشىپ، قايتا - قايتا قوزغىلىپ تۇرىدۇ. ھەمدە دائىم زۇكام، شامالداپ قېلىش، سەۋەپلىرىدىن ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ بەدىنى ئوكسىگېن بىلەن تولۇق تەمىنلىنەلمەيدۇ. شۇڭا، سەللا ھەركەت قىلسىلا دىمى سىقىلىپ ھاسىراپ كېتىدۇ. ئادەم بەدىنىدىكى كاربون IV ئوكسىدى قاتارلىق كېرەكسىز ماددىلارنى ئوڭۇشلۇق ھالدا سىرتقا چىقىرالمىغانلىقتىن، كېسەلدە دائىم بېشى قېيىش ۋە ماغدۇرسىزلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. بەزىدە بىئاراملىق، ئۇيقۇسىزلىق، سوغاقلىق (مىجەزىدە) قاتارلىق نېرۋا سىستېمىسىدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، كۈندۈزى يېنىك، كېچىسى ئېغىر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىمۇ بولىدۇ. قاندىكى كاربون IV ئوكسىدى قويۇقلىقىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئوكسىگېنىنىڭ مىقدارى ئازىيىدۇ. قانىنىڭ رەڭگى قارامتۇلىراق بولۇپ، كالپۇك، تىرناق قاتارلىق يەرلىرى ئەسلىدىكى قىزىللىقىنى يوقىتىپ، كۆك ياكى قارامتۇلراق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت يۈرەك پائالىيىتى تولۇق بولمىغانلىقتىن، كۆك تومۇردىكى قانىنىڭ ئايلىنىشى قىيىن بولۇپ، جىگەر ئىششىقى ۋە ئاشقازاندا قايغان قان پەيدا بولىدۇ. ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى ئېغىر بولغان كىشىلەردە سۈيدۈكى ئاز، ئېغىر سۇلۇق ئىششىق، نەپەسلىنىشى قىيىن بولۇش، ھەتتا ھۇشىدىن كېتىشتەك ئېغىر ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.

## ئائىلىدە داۋالىنىش

(1) كېسەلنىڭ تۇرمۇشى:

ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر كۆپىنچە ئائىلىدە دەم ئالىدۇ. قىش كۈنى ئۆيدە بولىدىغان ۋاقتى تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ. شۇڭا ئائىلە شارائىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ داۋالىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى بەك تۆۋەن ياكى بىردە ئىسسىپ، بىردە سوۋۇپ كەتسە، نەپەس يولى غىدىقلىنىپ، ياللۇغلىنىش، سۇلۇق ئىششىق تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، بەلغەم ئاجراتمىسى كۆپىيىپ كېتىدۇ. ھەمدە ناھايىتى ئاسانلا زۇكام قاتارلىق بىرىكتۈرمە يۇقۇملىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قىش كۈنى ئۆينىڭ ئىشىك - دەرىزىلىرى ھىم بولغانلىقى ۋە ئاش - تاماق ئەتكەنلىكتىن، ئۆينىڭ ھاۋاسى قۇرغاق بولۇپ، چاڭ - توزاڭلار ۋە باكتېرىيىمۇ كۆپىيىدۇ. كۆمۈر ئىسىدا كاربون IV ئوكسىدى ۋە كاربون چالا ئوكسىدى قاتارلىق زىيانلىق گاز بولۇپ، ئۇلار نەپەسلىنىش سىستېمىسىنىڭ زەخىملىنىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ماي قىزىتقاندا چىققان ئىس نەپەس يولىنىڭ زىيادە سەزگۈرلىكىنى قوزغاپ، زىققا نەپەسنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆزىتىشكە ئاساسلانغاندا، قىش كۈنى ئۆي ئىچىدىكى ھاۋانىڭ بۇلغىنىش دەرىجىسى سىرتقا قارىغاندا نەچچە ھەسسە، ھەتتا نەچچە ئون ھەسسە يۇقۇرى بولۇپ، بۇ ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى 18—20°C گىرادۇس ئەتىراپىدا بولۇشى، دائىم سۇ چېچىپ ھاۋانىڭ نەملىكىنى ساقلاشقا دىققەت قىلىش لازىم.

دائىم ئىشلەك - دەرىزىنى ئېچىپ ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ ئۆيگە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتىنى ئۇزارتىش لازىم.

ئۆپكە مەنبەلىك يۇرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ يېتىپ - قوپۇشى، ئۇزۇقلىنىشى، ئۇخلاش ۋە دەم ئېلىش بىلەن مەشغۇلاتى قانۇنىيەتلىك بولۇشى كېرەك. ئۇخلاش ۋاقتى 8 سائەتتىن كەم بولماسلىقى، ئەڭ ياخشىسى ئوڭ تەرەپنى بېسىپ يېتىشقا ئادەتلىنىشى كېرەك. ئەگەر نەپەسلىنىشى قىيىن بولسا، ياستۇقنى ئېگىز قىرلاپ ئوڭدىسىغا يېتىشى ياكى يۆلىنىپ يېتىش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا قوساق بوشلۇقىدىكى ئەزالار تۆۋەنلەپ، كۆكرەك بوشلۇقىغا بولغان بېسىمنى ئازايتىدۇ. ھەم نەپەسلىنىش ئەھۋالىمۇ ياخشىلىنىدۇ.



ئۇزۇن مۇددەت كارۋاتتا يېتىپ ھەركەت قىلمىسا كېسەل روھسىزلىنىپ، ئورگانىزىمى ئاجىزلاپلا قالماستىن، يەنە قاننىڭ ئايلىنىشى ئاستا بولغانلىقتىن، قان ئوكچىسى قاتارلىق ئەگەشمە كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالايدىغان كېسەللەرنى قۇدرىتى يېتىشىچە ھەركەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. كېسىلى ئېغىر بولغانلارمۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن دائىم سىرتقا چىقىپ سەيلە قىلىشى، ياكى يېنىك ھەركەت قىلىشى لازىم. بىراق ھەددىدىن ئارتۇق چارچاش ۋە روھى تەسىردىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىشى كېرەك. نەپەسلىنىش قىيىن، كۆكۈرۈپ - تاتىرىپ كېتىدىغان، يۈرىكى ئاجىز بولغان كېسەللەر يۈرەك، ئۆپكىنىڭ يۈكىنى ئازايتىش ئۈچۈن، چوقۇم كارۋاتتا يېتىپ دەم ئېلىشى كېرەك.

ئۆپكە مەنبەلىك يۇرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، ئاسان ھەزىم بولىدىغان بولۇشى كېرەك. پۇرچاق، تۇخۇم، ئورۇق گۆش قاتارلىق ئاقسىل ماددىسى مول بولغان يېمەكلىكلەر ھەم يېڭى كۆكتات، سەۋزە ۋە مېۋە - چېۋە قاتارلىقلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشى لازىم. تاماقنىڭ قېتىم سانىنى كۆپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاز غىزالىنىش لازىم. ھەددىدىن ئارتۇق يەپ - ئىچمەسلىك، ئارتۇقچە تويۇنۇشتىن ساقلىنىش لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا، ھەزىم قىلىشقا پايدىسىز بولۇپلا قالماي،

يەنە ئاشقازاننى كېڭەيتىپ قوساقنى كۆپتۈرىدۇ، دىئافراگمىنى كۆتۈرۈلۈپ، يۈرەكنى قىسىدۇ ۋە كېسەلنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. كېسەلنىڭ ئاش-تامىقى تۇزسىزراق بولۇشى، مايلىق ۋە مايدا پىشۇرغان يېمەكلىكلەرنى ئاز ئىستېمال قىلىشى لازىم. كېسەل ئەھۋالىغا قاراپ تۇزنى ئاز يېيىشى، شۇنداقلا بولدۇرۇلغان خېمىركىمۇ شورلىتا (جەن)، سۇدانى ئاز سېلىش لازىم. چۈنكى مەيلى تۇز ياكى شورلىتا بولسۇن ئۇلاردىكى ناترىي ئىئونلار بەدەندە سۇيىغىدۇ-دە ئىششىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ تاماكا چەكمەسلىكىنى ھەمدە باشقا كىشىلەرنىڭمۇ كېسەل تۇرغان ئۆيدە تاماكا چەكمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىش كېرەك.

(2) ئۆتكۈر كېسەل قوزغىلىش مەزگىلىدە داۋالاش ۋە كۈتۈش:

ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار دائىم زۇكام، نەپەس يولىنىڭ يۇقۇملىنىشىدىن كېسەلى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەش، ئۆتكۈرلىشىشنى ئازايتىشتىكى مۇھىم بىر ھالقىدۇر. يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەشتە، دوكسىتسىكلىندىن كۈنىگە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 0·1 ~ 0·2 گىرام، ياكى مۇرەككەپ كانتانولدىن كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا بىر تال ئىچسە بولىدۇ. پېنىتسىللىن، ستىرېپتومىتسىن قاتارلىقلارنى ئوكۇل قىلسىمۇ بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى جۇڭگو ۋە غەرب تىبابەتچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆتكۈر قوزغىلىشچان ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكىنى داۋالاشتا ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

خۇاڭلىيەن (Coptis)، خۇاڭلىن (Suctellaria) خۇاڭبۇ، (Phellobendron) ئۇسما پوپۇرمىغى، لىيەنچياۋ (Forsythia) قاتارلىق جۇڭيى دورىلىرى، ئۆپكىنىڭ يۇقۇملىنىشىنى تىزگىنلەشتە خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە. بەلغەم-نەپەس يولىنىڭ يۇقۇملىنىشىغا باشلىنىشى. بەلغەمنىڭ ئۆپكىدە تۇرۇپ قېلىشى-باكتېرىيىنىڭ كۆپىيىش، ياللۇغلىنىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. شۇڭا بەلغەمنى بوشۇتۇشنىڭ ئۆتكۈر قوزغىلىشچان ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكىنى تىزگىنلەشتە مۇھىم ئەھمىيىتى بار. ئۆسۈشكە قارشى ماددا ئارقىلىق يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەش بىلەن بىرگە، ئۆپكىنى تازىلاپ، بەلغەمنى بوشىتىدىغان جۇڭيى دورىلىرىنى تاللاپ ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: سوزى، كۇەندۇڭخۇا، تىڭلىزى، جۇرۇ شياۋكېچۈەن، مۇجىيۇجاۋۋەن لەرنىڭ ئۈنۈمى تېز بولۇپ، بەلغەمنى بوشىتىش، زىققا توختىتىش، دەم سىقىلىشنى پەسەيتىش رولى ھەم ياللۇغلىنىشنى يەڭگىللىتىدىغان ۋە شىللىق پەردىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئوخشاش ئالاھىدىلىكىمۇ بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كېسەلنى كۈتۈشنىمۇ كۈچەيتىپ، كېسەلگە ياردەملىشىپ، دائىم ئورنىنى يۆتكەپ، باش تەرەپنى سەل پەسرەك قىلىش، ياكى ئاستاغىنە كۆكرەككە ئۇرۇپ دۈمبىسىگە مۇشلاش ئارقىلىق، ئۆز ۋاقتىدا بەلغەم چىقىرىشقا ياردەملىشىشى كېرەك. ئۆتكۈر قوزغىلىش مەزگىلىدە دائىم تۆۋەنكى مۇچىدە سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بۇ چاغدا كېسەل دەرھال كارۋاتتا تۆۋەنكى مۇچىنى ئېگىز قىلىپ يېتىشى كېرەك. بۇنداق قىلغاندا قاننىڭ ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىششىقنى ياندۇرۇشقا پايدىلىق. تۇزنىڭ ئىستېمال مىقدارىنى قاتتىق تىزگىنلەپ ھەر كۈنى ئىككى گىرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئىچىدىغان سۇيىمۇ چەكلىك بولۇشى كېرەك.

سۇدۇكنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىشتىھانى ياندۇرىدىغان جۇڭگو ۋە غەرب دورىلىرى بىلەن داۋالىسىمۇ بولىدۇ.

(3) ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدىكى داۋالىنىش

ياخشى داۋالىنىش ئارقىلىق، ئۆتكۈر قوزغىلىشچان كېسەللەر ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپ، كېسەل ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە تۇراقلىشىدۇ ۋە ئەسلىگە كېلىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدۇ. ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدە كېسەلنىڭ روھى، ئىشتەي ۋە باشقا ئەھۋاللىرى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىدۇ، ئورگانىزمنىڭ كېسەللىكتىن ئۆزگەرگەن ئورنىمۇ ئەسلىگە كېلىشكە باشلايدۇ. مۇشۇ پايدىلىق پەيتنى قولدىن بەرمەي، ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدىكى داۋالاش ۋە چېنىقىشنى ئېلىپ بېرىش، قايتىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدىكى داۋالاش ۋە چېنىقىش ئاساسى جەھەتتىن ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

① ئورگانىزمنىڭ مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۆپكە، يۈرەك، تاللارنى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان جۇڭيى دورىلىرىنى ئىشلەتسە بولىدۇ. مەسىلەن، گوبىگۇەن كۈمىلاچ دورىسى، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ بەدەننى كۈچلەندۈرىدىغان شىكەر پىلازمىسى قاتارلىقلار. قىزىل ۋاكسىنا ئوزۇقلۇق سۇيۇقلىقى (فېنلالانىن، يات ئاق ئالانىن، تىروزىن ۋە ئاق ئالانىن قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان)نى ئىچسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورگانىزمنىڭ كېسەلگە قارشى كۈچىنى ۋە كېسەللىكتىن ئۆزگەرگەن ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك كۆپ خىل رولىمۇ بار.

② سوغاققا چىدامлиق قىلىش ۋە نەپەس ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش لازىم.

ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىرىنىڭ نەپەس يولى ئاجىزراق بولۇپ، سوغاقنىڭ تەسىرىگە ئادەتتىن تاشقىرى سەزگۈر بولىدۇ. شۇڭا، سوغاققا چىدامлиق قىلىپ چېنىقتۇرۇشنى باشلىغاندا، ئالدىدا قول بىلەن باش - بويىنىنى ھەر كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 مىنۇت ئۇۋۇلاش كېرەك. بىر ھەپتىدىن كېيىن، لۆڭگىنى سوغاق سۇغا چىلاپ، سىقىۋېتىپ، يۇقارقىدەك ئۇسۇلدا يۈز، بويۇنلارنى ھەر كۈندە 3 قېتىم ئۇۋۇلاش كېرەك. بىر ئايدىن كېيىن سوغاق سۇ بىلەن يۈز، بۇرۇن، پۇتلارنى يۇسا بولىدۇ. قىش پەسلىدە كېسەل سوغاق سۇغا چىدىيالمىسا، ئىللىمان سۇ بىلەن يۈز، پۇتلىرىنى يۇسىمۇ بولىدۇ. سۇنىڭ گرادۇسى بەدەن تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقۇرىراق بولغان ياخشى. ئەمما بەك ئىسسىق سۇنى ھەرگىز ئىشلەتمەسلىك كېرەك. ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇندا چوڭقۇر نەپەسلىنىش ياكى قوساقچە نەپەسلىنىپ چېنىقسا بولىدۇ. نەپەس گىمناستىكىسى ئوينىسىمۇ، ئۆپكىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ۋە قاننىڭ ئايلىنىشىنى ياخشىلاشقىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. ياخشى داۋالىنىش بىلەن مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىشنى بىرلەشتۈرۈش — سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان مۇھىم ھالقىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىلشات ئېلى تەرجىمىسى



## نېمە ئۈچۈن قىشتا ئادەم بەدىنى ئوڭاي قىچىشىدۇ

قىش كىرىش بىلەنلا، بەزى كىشىلەرنىڭ ئالدى بىلەن يۈتا، كېيىنچىرەك كۆكرەك، دۈمبە، پۇت - قوللىرى قىچىشىدۇ. بولۇپمۇ كەچتە تېخىمۇ بەك قىچىشىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى: قىشتا ھاۋا سوغاق بولغاچقا تېرە ۋە تېرە ئاستى ئۇششاق قان تومۇرلار يىغىلىدۇ، نەتىجىدە تەر بەزلىرى ۋە تېرە ياغ بەزلىرى ئاجراتمىسى ئاجىزلىشىپ، تېرىنىڭ سۇ ۋە ياققا بولغان ئېھتىياجى تولۇق قانمايدۇ - دە، تېرە قۇرغاقلىشىپ كېپەكلىشىدۇ، ۋاقتىنىڭ ئۇزۇرىشى بىلەن قىچىشىشقا باشلايدۇ، بەزلەردىكى ئىچكى ئاجراتمىلارنىڭ قالايمىقانلىشىشى جىگەر، بۆرەك كېسەللىرىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ياكى غىدىقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە يېمەكلىكلەرنى مەسىلەن: ھاراق، قېنىق دەملەنگەن چاي، لازا قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلغانلارنىڭ قىشتا تېرىسىنىڭ قىچىشىشى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تېنى ئاجىز، ياشانغانلارنىڭ تېرە ياغ بەزلىرى ۋە تەر بەزلىرى ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ئۇلاردا ئوڭايلا تېرە قىچىشىشنى پەيدا قىلىدۇ.

تېرىسى قىچىشىدىغان كىشىلەر بەدىنىدىكى قىچىشىدىغان جايىنى تاتىلىماسلىقى، تاتىلاشتىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكتىن ساقلىنىشى لازىم. يۇيۇنغاندا ئىشقارلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولغان سوپۇن ئىشلەتمەسلىك، كىيىمنى پات - پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، پاختا رەختتىن تىكىلگەن كەڭ كىيىم كىيىش، يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، تېرىنى سىلىقلاشتۇرىدىغان ماي سۈرتۈش كېرەك. يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە سەي - كۆكتاتنى كۆپرەك، مايلىق يېمەكلىكلەرنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىش، لازا قاتارلىق غىدىقلاش خۇسۇسىيىتى بار يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن پەرز قىلىش كېرەك.

ئېزىز ئىبراھىم تەرجىمىسى

## نېمە ئۈچۈن قاسقان سۈيىنى ئىچىشكە بولمايدۇ؟

قاسقاندا مانتا ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ ئېشىپ قالغان سۇ قاسقان سۈيى دەپ ئاتىلىدۇ. قاسقان سۈيىنى يا ئىچىشكە ياكى تاماققا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

سۇنىڭ تەركىبىدە ناھايىتى ئاز مىقداردا نىترات كىسلاتا تۇزى بولىدىغانلىقى بىزگە مەلۇم. سۇ تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئارتىپ بېرىشى ۋە سۇنىڭ ئۆزلۈكسىز پارچىلىنىشى بىلەن نىترات كىسلاتا تۇزىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى ئۆزلۈكسىز ئاشىدۇ ۋە ئوكسىدسىزلىنىپ نىتريت كىسلاتا تۇزىغا ئۆزگىرىدۇ. نىتريت كىسلاتا تۇزى سالامەتلىككە ئىنتايىن زىيانلىق. ئۇ قان تەركىبىدىكى ھېموگلوبىننى ئۆزگەرتىۋېتىپ، ھېموگلوبىننى ئوكسىگېن بىلەن بىرىكمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ - دە، بەزىدە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكنى پەيدا قىلىدۇ. نىتريت كىسلاتا تۇزى يەنە قان بېسىمىنىمۇ تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئېغىر بولغاندا كوللاپسنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قاسقان سۈيىنى ئىچىشكە ۋە ئۇنىڭ بىلەن تاماق ئېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر نىتريت كىسلاتا تۇزىدىن زەھەرلەنگۈچىلەر كۆرۈلسە، دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىش كېرەك.

# پويىزدىكى سەپىرىمىزدە سالامەتلىك تىلەيمىز

لەن ۋېي

كۆزلىگەن مەنزىلىگە ساق - سالامەت ۋە خۇشال - خۇرام يېتىپ بېرىش، ھەر بىر يولۇچىنىڭ ئارزۇسى. شۇنداقلا، پويىز خادىملىرىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىدۇر. لېكىن ۋاگوندىكى تۇرمۇش شارائىتى ئالاھىدە بولغاچقا، پويىزنىڭ سىلكىنىشى ۋە پائالىيەت ئورنىنىڭ چەكلىك بولۇشى سەۋەبىدىن، يولۇچىلار تېنىنىڭ بىئاراملىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا سەپەر ئۈستىدىكى بەزى بىر ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ناھايىتى زۆرۈر ۋە پايدىلىق.

### باش قېيىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

يولۇچىلار ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان پويىزدا ئولتۇرۇپ، لەرزان مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ، گۈزەل دالىلارغا قاراپ كۆڭلى ئازادە، كەيپى خۇش بولىدۇ. لېكىن بەزى يولۇچىلارنىڭ بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ، ئۇچى تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقىمۇ داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ باش قېيىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

باش قېيىش، تىبابەتچىلىكتە باش قېيىش كېسىلى دەپ ئاتىلىدۇ. پويىزدا ئولتۇرغاندا بەدەندىكى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ بەرگۈچى ئەزا غىدىقلىنىپ، ئىچكى قۇلاق دەلىز نېرۋا ئىقتىدارىنىڭ ۋاقىتنىچە تەرتىپسىزلىنىشىدىن باش قېيىش كېلىپ چىقىدۇ.

قانداق قىلغاندا باش قېيىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟

ئاسانلا بېشى قايىدىغان كىشىلەر پويىزغا چىققاندىن كېيىن كۆڭۈل ئازادىلىكىنى ساقلىشى، ئىلاجى بار يېقىندىكى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەنزىرىلەرگە قارىماسلىقى، دىققەت - ئېتىۋارىنى بىرلا جايغا مەركەزلەشتۈرۈش لازىم. ئىچكى ئەزالارنىڭ سىلكىنىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن بەلۋاغنى چىڭراق باغلىشى، قورسىقىنى بەك تويغۇزۇۋەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر ۋاگون ئىچىدىكى ناچار پۇراقلاردىن بېشى قايسا، بۇرۇن تۆشۈكى ئەتراپىغا ئاز مىقداردا سالقىنلىتىش مېيى (چىڭلياڭيۇ) سۈركۈلىشى ياكى بولمىسا سالقىنلىتىش مېيى سۈركەلگەن ماسكا تارتىۋېلىشى كېرەك. بېشى بەك قېيىپ كەتكەن بولسا، تېخىمۇ «ئالدىرىماسلىق»ى، ئېغىر - بېسىق بولۇشى، تېنىۋەمدىرامىن ياكى باشقا تىنچلاندۇرۇش دورىسى ۋە دىنازېپان قاتارلىق دورىلارنى يېسە بولىدۇ. بۇنداق ئۇسۇللارنى قوللانغاندا، باش قېيىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

يېمەك-ئىچمەكتىن ئۆزىنى تىزگىنلەش كېرەك.



سەپەر ئۈستىدە نورمال بولغان يېمەك ـ ئىچمەك تەرتىۋى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ئۈستىدىكى بېكەتلەردە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلىنىدۇ. ئەگەر، ھەدەپلا يېيىش ـ ئىچىشكە بېرىلىپ كېتىلسە، ئۈچەي ۋە ئاشقازاننىڭ ئىقتىدارى ئوڭايلا قالايمىقانلىشىپ كېتىپ، كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش، قوساق ئاغرىش ياكى ئىچى سۈرۈش قاتارلىق ئۆتكۈر خاراكتېردىكى ئاشقازان، ئۈچەي ياللۇغى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا يولۇچىلار يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقىغا دىققەت قىلىشى لازىم. ئالدى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكتىن ئۆزىنى تىزگىنلەش، ئارتۇقچە يەپ ـ ئىچمەس‍ـ



لىكى لازىم. ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىشىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن مايلىق نەرسىلەرنى كەمرەك يېيىش، ئاسان ھەزىم بولىدىغان يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش كېرەك. كۆكتات ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ بەرسە، ھەزىم قىلىشقا ياردەم قىلىپلا قالماي، بەلكى سەپەر ئۈستىدە ئاسانلا يۈز بېرىدىغان قەۋزىيەتنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. سەپەر ئۈستىدە چاينى كۆپرەك ئىچىپ بەرسە، ئادەمنى ئېتىمكى‍ـ لەشتۈرۈپ، ھەزىم قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ئاسان قوزغىلىدىغان ئاشقازان ـ ئۈچەي يولى كېسەللىكلىرى ۋە بۆرەك، قان تومۇر كېسەللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سەپەر ئۈستىدە كۈچلۈك ھاراقلارنى ئىستېمال قىلماسلىق كېرەك.

## تومۇزدا سەپەر قىلغاندا، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

تومۇز كۈنلىرى ۋاگون ئىچىدىكى تىنجىق «مىكرو ھاۋا»دا ناھايىتى ئاسانلا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەردە، ماغدۇرسىزلىنىش، باش قېيىش، باش ئاغرىش، ئىچى تىتىلداش، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇش، ئېغىرراق بولغانلارنىڭ مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قېلىش، قان بېسىمى تۆۋەنلەپ كېتىش، ھوشىدىن كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ۋاگوندا شامال ئۆتۈشۈپ تۇرۇشى، ئۇندىن باشقا كىيىنىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. بەك قېلىن كىيىۋالماسلىق، كىيىمنىڭ رەڭگى ۋە سۈپىتىگىمۇ دىققەت قىلىش لازىم. ياز كۈنلىرى ئاق رەڭلىك، سۇ سۈمۈرۈشچانلىقى كۈچلۈك يىپەك توقۇلمىلاردىن كىيىم كىيىش تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ساپ دېھۇلىيالىق كىيىم ـ كېچەككە قارىغاندا، پاختا رەخ ياكى پاختا ئارىلاشتۇ‍ـ



رۇلغان دىيچۆلىيادىن توقۇلغان كىيىم- كېچەك كىيىش مۇۋاپىق. ساپ دىيچۆلىياك كىيىم كېچەكلەرنىڭ نەملىكنى سۈمۈرۈشى ناچار بولۇپ، تەرنىڭ پارغا ئايلىنىپ چىقىپ كېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭا، تومۇز كۈنلىرى سوغۇق ئىچىملىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ بېرىش، رىندەن قاتارلىق ئىسسىقنى ئالىدىغان دورىلارنى شوراپ بېرىش لازىم.

ئەگەر پويىزدا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، كېسەلنى سالقىن هاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايغا يۆتكەپ، سوغاق يىمەكلىكلەرنى بېرىش ۋە لۆڭگىنى هۆل قىلىپ پىشانىسىگە قويۇش ياكى بەدەنلىرىنى سۈرتۈپ بېرىش كېرەك. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ سالامەتلىكى تېزلا ئەسلىگە كېلىدۇ. ياشىنىپ قالغان، تېرى ئاجىز، كېسەلچان كىشىلەر ۋە ئېغىر ئاياق ئاياللارغا ئاسانلا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئەڭ ياخشىسى تومۇزدا سەپەر قىلماسلىقى لازىم.

## پۇت ئىششىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

پويىز سەپەردە داۋاملىق پۇت ئىششىپ كېتىدۇ. بەزىلەرنىڭ پۇتى ئىششىپ كېتىپ هەتتا ئايىغىنىمۇ كىيەلمەي قالىدۇ.

نېمە ئۈچۈن سەپەردە پۇت ئىششىپ كېتىدۇ؟

چۈنكى، پۇتتىكى ۋېنا قان تومۇرىدا قاننىڭ قايتىشى بىر تەرەپتىن، يۈرەك تەتۈر



بىسىمىنىڭ شۈمۈرۈشىگە تايانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پۇت هەرىكىتىدىن مۇسكۇللارنىڭ قىسقىرىشى ئارقىلىق ۋېنا قان تومۇرىغا چۈشىدىغان بېسىم تۈپەيلىدىن بولىدۇ. پويىز بىلەن سەپەر قىلغاندا، يولۇچىلارنىڭ پۇت هەرىكىتى ئازلاپ، قاننىڭ ئايلىنىشى تۆۋەنلەيدۇ ــ ،، قان تەركىۋىدىكى سۇ پۇت توقۇلمىلىرىغا يىغىلىدۇ ۋە پۇت ئىششىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

پۇت ئىششىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پۇتنى دائىم كۆتىرىپ بەرسە ياكى پويىزنىڭ تەرتىۋىگە ۋە باشقا يولۇچىلارنىڭ دەم ئېلىشىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئاساسىدا، يەڭگىل پۇت هەرىكىتى قىلسا بولىدۇ. مەسىلەن: پاقالچەكنى لىڭشىتىپ بېرىش قاتارلىقلار. پويىز ئۇزاقراق توختايدىغان ۋوگزاللاردا يەرگە چۈشۈپ ماڭسىمۇ ياكى ئورنىدا ئولتۇرۇپ، پۇتىنى ئۇۋۇلاپ، سىلاپ بەرسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ ۋە داۋالاش ئۈنۈمىنى بېرىدۇ. ۋېنا تومۇرى ئەگرى - بۈگرى كېڭىيىش كېسىلى بارلار، ئەڭ ياخشىسى پاقالچەكنى بېنت بىلەن تېڭىۋېلىش لازىم.

هوشۇر ۋەدىل تەرجىمىسى

# پەدەز بويۇملىرىدىن بولىدىغان تېرە ياللۇغلىنىشتىن قالداق ساقلانغىلى بولىدۇ

تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، پەدەز بويۇملىرىنى ئىشلىتىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. لېكىن ئۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى بىلمىگەنلىكى تۈپەيلى، پەدەز بويۇملىرىدىن بولىدىغان تېرە ياللۇغلىنىشقا گىرىپتار بولغۇچىلارمۇ كۆپەيمەكتە.

ئادەم تېرىسى ئاسراش، سېزىش، ئالماشتۇرۇش، نەپەسلىنىش، شۈمۈرۈش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش، ئاجرىتىش ۋە چىقىرىش قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك رولغا ئىگە بولۇپ، سىرتقى مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى. ئەگەر پەدەز بويۇملىرىنى جىق ئىشلەتكەندە، تەر تۆشۈكىنىڭ تەر يولىنى توسۇۋېلىپ، تېرىنىڭ نورمال ئىقتىدارىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ - دە، نەتىجىدە تېرە ياللۇغلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يېنىكرەكلىرى قىچىشىدۇ. ئېغىرراق بولغاندا تېرە يۈزىدە قىزىل داغ، دۆڭچە ئەسۋە، قاپارتما چىقىپ شالۋەرەيدۇ. ھەتتا يۇقۇملىنىپ يىرىڭلاپمۇ كېتىدۇ. يەنە پىگمېنت ئولتۇرۇشۇپ ھۆسنى گۈزەللىكىگىمۇ تەسىر يېتىدۇ.

كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھېچقاچان پەدەز بويۇملىرىنى ئىشلىتىشنى توختىتىش دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى بەزى پەدەز بويۇملىرىنى مۇۋاپىق ئىشلەتسە، تېرە سىلىقلىشىپ يۇمشاپ ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ. شۇڭا مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك. ئادەتتە مايلىشىپ تۇرىدىغان تېرىگە ماي مىقدارى ئاز بولغان ئۇپا ياكى كرېم (يۈز ماي)نى ئىشلەتسە بولىدۇ. قۇرغاق تېرىگە ماي مىقدارى كۆپرەك بولغان كرېم ئىشلەتسە بولىدۇ. ياز پەسلىدە تەر كۆپ چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇپىلىق ماي ئىشلەتسە بولىدۇ. قىش پەسلىدە تېرە قۇرغاق بولغانلىقتىن كرېم ئىشلەتسە بولىدۇ. ئومۇمەن نەم ھاۋالىق رايونلاردا ئۇپا ئىشلەتسە، ھاۋاسى قۇرغاق بولغان رايونلاردا كرېم ئىشلەتسە بولىدۇ. ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلارنىڭ تېرە ياغ ئاجرىتىمىسى كۆپ بولغانلىقتىن، ئاسانلا دانىخورەك قاتارلىق تېرە كېسەللىكى كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا ئۇپا ئىشلەتسە مۇۋاپىق. ئۆسمۈرلەرنىڭ تېرىسى يۇمران، سۇ مىقدارى كۆپ بولغاچقا ئەڭ ياخشىسى پەدەز بويۇملىرىنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

ئومۇمەن زاۋۇتتىن چىققىنىغا ئۈچ يىل بولغان پەدەز بويۇملىرىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىشلەتمىگەن ياخشى. پەدەز بويۇملىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىشلىتىپ بولۇش كېرەك. مۇبادا پەدەز بويۇملىرىدىن تېرە ياللۇغلىنىش كۆرۈلسە، ئىشلىتىشنى توختىتىش كېرەك. ئەگەر يېنىكرەك دەرىجىدە قىزىرىپ ئىششىسا ھەم دۆڭچە ئەسۋە، قاپارتما پەيدا بولۇپ، سۇيۇقلۇق سىرغىپ چىقمىسا، سىرتتىن كالامىن بىلەن يۇيۇش كېرەك. قاپارتما جاراھەتلىنىپ يىرىڭلىسا 30% لىك دانىكا كىسلاتا ئېرىتمىسى، 1:20 قوغۇشۇن ئاتسېتات ئېرىتمىسى ياكى 10000 ~ 1:5000 مارگانسوپ (كالىي پېرمانگانات) ئېرىتمىلىرى ئارقىلىق سوغاق ئۆتكۈزسە بولىدۇ. جاراھەت ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ قاپارتمىدىن چىققان سۇ ئازراق بولسا، سىرتتىن سىنك ئوكسىد مېيى قاتارلىقلارنى سۈرتسە بولىدۇ. كېسەل يۇقۇملانغاندا سىرتتىن 1% لىك ئاۋرېئومىتسىن مەلھىمى ۋە 0.5% لىك نېئومىتسىن مەلھىمى ۋە 1% لىك گېنتىمان ۋىئولېت سۈرسە بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلسا تېتراتسىكلىن قاتارلىق باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنى ئىچىش كېرەك. قىچىشىش ئېغىر بولغاندا خلورفېنرامىن، ۋىتامىن C قاتارلىق زىيادە سەزگۈرلۈككە قارشى دورىلارنى ئىچىش كېرەك.

مەريەم ئابدۇقادىر تەرجىمىسى

«تۇرمۇش بىلىملىرى»

# ئائىلىدە رەڭلىك سۈرەت يۇيۇشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلى

لۇ زېڭيۈەن، ۋېي جېندۇڭ

### رەڭلىك سۈرەت قەغىزىنىڭ سۈپىتى قانداق تەكشۈرۈلىدۇ؟

رەڭسىز سۈرەت قەغىزىنىڭ ئۆلچىمى پەرقىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ بىر نەچچە خىل بولىدۇ، رەڭلىك سۈرەت قەغىزىنىڭ ئۆلچىمى ئادەتتە بىر خىللا بولىدۇ، ئۇ سۈرەت چوڭايتىش قەغىزى دەپمۇ، سۈرەت بېسىش قەغىزى دەپمۇ ئايرىلمايدۇ. ئۇنىڭ يورۇقلۇق سېزىش دەرىجىسى پەرقى ئوتتۇراھال بولغان رەڭسىز سۈرەت چوڭايتىش قەغىزىنىڭكىگە ئوخشاش. يۇقىرى سۈپەتلىك رەڭلىك سۈرەت قەغىزىنىڭ ئېمۇلسىيە قەۋەتلىرىنىڭ يورۇقلۇق سېزىش دەرىجىسى ۋە پەرقى بىردەك بولۇشى لازىم، بولمىسا سۈرەت ئالا بولۇپ قالىدۇ.

8 رەڭلىك سۈرەت قەغىزىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى مۇنداق: ئاۋۋال بىر پارچە رەڭسىز نىگاتىپتىن سۈرەت نۇسخىسى چىقىرىۋالىمىز. ئۇ يورۇقلۇقنى سەزگەندىن كېيىن، ئۇنى رەڭلىك سۈرەت يۇيۇش ئۇسۇلى بويىچە يۇيىمىز. ئەگەر ئۇنىڭدىن رەڭسىز سۈرەت چىقسا، سۈرەت قەغىزىنىڭ ياخشى قەغەز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن رەڭلىك سۈرەت چىقسا ھەمدە ئۇنىڭ رەڭگىنى تۈزىتىپ قايتا باسقاندىن كېيىن كۈلرەڭگە مايىل سۈرەت چىقسا، سۈرەت قەغىزىنىڭ يامان ئەمەس قەغەز ئىكەنلىكىنى



بىلدۈرىدۇ؛ رەڭ تۈزەتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا مەلۇم بىر خىل رەڭگە مايىل سۈرەت چىقسا، سۈرەت قەغىزىنىڭ سۈپىتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

### رەڭ قانداق تۈزىتىلىدۇ؟

رەڭلىك سۈرەت ئاق نۇر (نۇر تېمپېراتۇرىسى $5400^{\circ}$K بولۇشى لازىم، مەسىلەن كۈن نۇرى) شارائىتىدا تارتىلغاندىلا، رەڭگى ياخشى ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. كۈن نۇرىنى قىزىل، يېشىل ۋە كۆك رەڭلىك نۇرلار تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارغا ماس ھالدا قارا، قىزغۇچ ۋە سېرىق رەڭلىك نۇرلار قوشۇمچە نۇرلار دەپ ئاتىلىدۇ. كۆك بىلەن سېرىق بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، سېرىق كۆكنىڭ قوشۇمچىسى، كۆك سېرىقنىڭ قوشۇمچىسى دەپ ئاتىلىدۇ. خۇددى شۇ-

# پەدەز بويۇملىرىدىن بولىدىغان تېرە ياللۇغلىنىشتىن قانداق ساقلانغىلى بولىدۇ

تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، پەدەز بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. لېكىن ئۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى بىلمىگەنلىكى تۈپەيلى، پەدەز بۇيۇملىرىدىن بولىدىغان تېرە ياللۇغلىنىشقا گىرىپتار بولغۇچىلارمۇ كۆپەيمەكتە.

ئادەم تېرىسى ئاسراش، سېزىش، ئالماشتۇرۇش، نەپەسلىنىش، شۈمۈرۈش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش، ئاجرىتىش ۋە چىقىرىش قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك رولىغا ئىگە بولۇپ، سىرتقى موھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى. ئەگەر پەدەز بۇيۇملىرىنى جىق ئىشلەتكەندە، تەر تۆشۈكىنىڭ تەر يولىنى توسۇۋېلىپ، تېرىنىڭ نورمال ئىقتىدارىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ - دە، نەتىجىدە تېرە ياللۇغلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يېنىكرەكلىرى قىچىشىدۇ. ئېغىرراق بولغاندا تېرە يۈزىدە قىزىل داغ، دۆڭچە ئەسۋە، قاپارتما چىقىپ شالۇرەيدۇ. ھەتتا يۇقۇملىنىپ يىرىڭلاپمۇ كېتىدۇ. يەنە پىگمېنت ئولتۇرۇشۇپ ھۆسنى گۈزەللىكىگىمۇ تەسىر يېتىدۇ.

كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمچاچان پەدەز بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشنى توختىتىش دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى بەزى پەدەز بۇيۇملىرىنى مۇۋاپىق ئىشلەتسە، تېرە سىلىقلىشىپ يۇمشاپ ھۆزۈر بەخش ئېتىدۇ. شۇڭا مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك. ئادەتتە مايلىشىپ تۇرىدىغان تېرىگە ماي مىقدارى ئاز بولغان ئۇيا ياكى كرېم (يۈز ماي)نى ئىشلەتسە بولىدۇ. قۇرغاق تېرىگە ماي مىقدارى كۆپرەك بولغان كرېم ئىشلەتسە بولىدۇ. ياز پەسلىدە تەر كۆپ چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇيۇلىشىق ماي ئىشلەتسە بولىدۇ. قىش پەسلىدە تېرە قۇرغاق بولغانلىقتىن كرېم ئىشلەتسە بولىدۇ. ئومۇمەن نەم ھاۋالىق رايونلاردا ئۇيا ئىشلەتسە، ھاۋاسى قۇرغاق بولغان رايونلاردا كرېم ئىشلەتسە بولىدۇ. ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلارنىڭ تېرە ياغ ئاجراتمىسى كۆپ بولغانلىقتىن، ئاسانلا دانىخورەك قاتارلىق تېرە كېسەللىكى كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا ئۇيا ئىشلەتسە مۇۋاپىق. ئۆسمۈرلەرنىڭ تېرىسى يۇمران، سۇ مىقدارى كۆپ بولغاچقا ئەڭ ياخشىسى پەدەز بۇيۇملىرىنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

ئومۇمەن زاۋۇتتىن چىققىنىغا ئۈچ يىل بولغان پەدەز بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىشلەتمىگەن ياخشى. پەدەز بۇيۇملىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىشلىتىپ بولۇش كېرەك. مۇبادا پەدەز بۇيۇملىرىدىن تېرە ياللۇغلىنىش كۆرۈلسە، ئىشلىتىشنى توختىتىش كېرەك. ئەگەر يېنىكرەك دەرىجىدە قىزىرىپ ئىششىسا ھەم دۆڭچە ئەسۋە، قاپارتما پەيدا بولۇپ، سۇيۇقلۇق سىرغىپ چىقمىسا، سىرتتىن كالامىن بىلەن يۇيۇش كېرەك. قاپارتما جاراھەتلىنىپ يىرىڭلىسا 30% لىك دانىكا كىسلاتا ئېرىتمىسى، 1:20 قوغۇشۇن ئاتسېتات ئېرىتمىسى ياكى 10000 ~ 1:5000 مارگانسوپ (كالىي پېرمانگانات) ئېرىتمىلىرى ئارقىلىق سوغاق ئۆتكۈزسە بولىدۇ. جاراھەت ئۈزۈنغا سوزۇلۇپ قاپارتمىدىن چىققان سۇ ئازراق بولسا، سىرتتىن سىنك ئوكسىد مېيى قاتارلىقلارنى سۈرتسە بولىدۇ. كېسەل يۇقۇملانغاندا سىرتتىن 1% لىك ئاۋرېئومىتسىن مەلھىمى ۋە 0.5% لىك نېئومىتسىن مەلھىمى ۋە 1% لىك گېنتامىتسىن ۋە ئولېت سۈرسە بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلسا تېتراتسىكلىن قاتارلىق باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنى ئىچىش كېرەك. قىچىشىش ئېغىر بولغاندا خلورفېنىرامىن، ۋىتامىن C قاتارلىق زىيادەسەزگۈرلۈككە قارشى دورىلارنى ئىچىش كېرەك.

مەريەم ئابدۇقادىر تەرجىمىسى

«تۇرمۇش بىلىملىرى»

# ئائىلىدە رەڭلىك سۈرەت يۇيۇشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلى

لۇ زېڭيۈەن، ۋېي جېندۇڭ

## رەڭلىك سۈرەت قەغىزىنىڭ سۈپىتى قانداق تەكشۈرۈلىدۇ؟

رەڭسىز سۈرەت قەغىزىنىڭ ئۆلچىمى پەرقىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ بىر نەچچە خىل بولىدۇ، رەڭلىك سۈرەت قەغىزىنىڭ ئۆلچىمى ئادەتتە بىر خىللا بولىدۇ، ئۇ سۈرەت چوڭايتىش قەغىزى دېيىلىدۇ، سۈرەت بېسىش قەغىزى دېيىلىپ ئايرىلمايدۇ. ئۇنىڭ يورۇقلۇق سېزىش دەرىجىسى پەرقى ئوتتۇراھال بولغان رەڭسىز سۈرەت چوڭايتىش قەغىزىنىڭكىگە ئوخشاش. يۇقۇرى سۈپەتلىك رەڭلىك سۈرەت قەغىزىنىڭ ئېمۇلسىيە قەۋەتلىرىنىڭ يورۇقلۇق سېزىش دەرىجىسى ۋە پەرقى بىردەك بولۇشى لازىم، بولمىسا سۈرەت ئالا بولۇپ قالىدۇ.

رەڭلىك سۈرەت قەغىزىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى مۇنداق: ئاۋال بىر پارچە رەڭسىز نېگاتىپتىن سۈرەت نۇسخىسى چىقىرىۋالىمىز. ئۇ يورۇقلۇقنى سەزگەندىن كېيىن، ئۇنى رەڭلىك سۈرەت يۇيۇش ئۇسۇلى بويىچە يۇيىمىز. ئەگەر ئۇنىڭدىن رەڭسىز سۈرەت چىقسا، سۈرەت قەغىزىنىڭ ياخشى تەغەز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن رەڭلىك سۈرەت چىقسا ھەمدە ئۇنىڭ رەڭگىنى تۈزىتىپ قايتا باسقاندىن كېيىن كۆلرەڭگە مايىل سۈرەت چىقسا، سۈرەت قەغىزىنىڭ يامان ئەمەس قەغەز ئىكەنلىكىنى



بىلدۈرىدۇ؛ رەڭ تۈزەتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا مەلۇم بىر خىل رەڭگە مايىل سۈرەت چىقسا، سۈرەت قەغىزىنىڭ سۈپىتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## رەڭ قانداق تۈزىتىلىدۇ؟

رەڭلىك سۈرەت ئاق نۇر (نۇر تېمپېراتۇرىسى 5400°K بولۇشى لازىم، مەسىلەن كۈن نۇرى) شارائىتىدا تارتىلغاندىلا، رەڭگى ياخشى ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. كۈن نۇرىنى قىزىل، يېشىل ۋە كۆك رەڭلىك نۇرلار تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارغا ماس ھالدا قارا، قىزغۇچ ۋە سېرىق رەڭلىك نۇرلار قوشۇمچە نۇرلار دەپ ئاتىلىدۇ. كۆك بىلەن سېرىق بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، سېرىق كۆكنىڭ قوشۇمچىسى، كۆك سېرىقنىڭ قوشۇمچىسى دەپ ئاتىلىدۇ. خۇددى شۇ-

ئىنگغا ئوخشاش، يېشىل بىلەن قىزغۇچ، قىزىل بىلەن قارا بىر بىرىنى تولۇقلايدۇ.

رەڭلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر بىرىنى تولۇقلاش مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىچە:

قىزىل + يېشىل = سېرىق، يەنى:
كۆك + سېرىق = ئاق

قىزىل + كۆك = قىزغۇچ، يەنى:
يېشىل + قىزغۇچ = ئاق

يېشىل + كۆك = قارا، يەنى: قىزىل + قارا = ئاق

سېرىق + قىزغۇچ + قارا = ئاق
سېرىق + قىزغۇچ = قىزىل
سېرىق + قارا = يېشىل
قىزغۇچ + قارا = كۆك

رەڭ تۈزىتىش ئۇسۇلى رەڭنىڭ ھاسىل بولۇش قائىدىسىگە ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلاش مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى ئۈچ خىل رەڭلىك نۇر بىلەن نۇرلاندۇرۇش ئېكسپوزىتسىيەلەش ۋاقتىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇزارتىش ياكى قىسقارتىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئۇسۇلدا سۈرەتنىڭ رەڭگى كۆركەم، ئېنىق چىقىدۇ، شۇڭىنىسى بۇ ئۇسۇل مۇرەككەپرەك؛ يەنە بىر خىلى رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكىسىنىڭ زىچلىقىنى ئاشۇرۇش ياكى كېمەيتىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئۇسۇل ئاددىراق.

رەڭ قوشۇپ نۇرلاندۇرۇش ئارقىلىق رەڭ تۈزىتىش: قىزىل، يېشىل ۋە كۆك رەڭلىك رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكىسىنى نۇر يولىغا (سۈرەتچوڭايتىش ئاپپاراتىنىڭ نۇر مەنبەسىنىڭ ئالدىغا ياكى ئوبيېكتىپنىڭ ئالدىغا) قىستۇرۇپ، رەڭلىك نۇرلارنى ئوخشاش بولمىغان نۇرلاندۇرۇش مىقدارى بىلەن (نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ۋە نۇرنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى) تەڭشەپ، 3 خىل رەڭنى تەڭپۇڭلاشتۇرىمىز. مەشغۇلات جەريانى مۇنداق:

بىر خىل رەڭ بىلەن نۇرلاندۇرۇش؛ رەڭگى مولراق مەنپىي ئىنگاتىپتىن بىرنى تاللىۋېلىپ نۇرلاندۇرىمىز. ئاۋال ئۈچ خىل سىناق نۇسخىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىزىل، يېشىل ۋە كۆك رەڭلىك رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكىدا بىر خىل رەڭلىك نۇر بىلەن نۇرلاندۇرىمىز. ھەر بىر سىناق نۇسخا 5 مىنۇت، 10 مىنۇت، 15 مىنۇت، 20 مىنۇت ۋە 25 مىنۇتتىن ئىبارەت 5 خىل نۇرلىنىش ۋاقتى بويىچە نۇرلاندۇرۇلۇشى ھەمدە نۇرلىنىش ۋاقتىدىن ئايرىم - ئايرىم خاتىرە قالدۇرۇلۇشى لازىم (1 - سۈرەتكە قارالسۇن).

سىناق نۇسخىنى توختىتىش: نۇرلاندۇرۇلغان سىناق نۇسخىنى توختاتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن قارا، قىزغۇچ ۋە سېرىق رەڭلىك 3 خىل سىناق نۇسخا چىقىدۇ، ھەر بىر خىلىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان 5 خىل زىچلىق بولىدۇ.

دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىش: سىناق نۇسخا قۇرۇغاندىن كېيىن، ئۇنى كۈن نۇرىغا يېقىن نۇر مەنبەسىدە كۆزىتىپ، قارا، قىزغۇچ ۋە سېرىق رەڭلىك نۇرلار بىلەن توغرا نۇرلىنىش ۋاقتىنى تېپىپ چىقىمىز. مەسىلەن، قىزىل رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكا ئىشلىتىلگەن سۈرەتنىڭ قارا نۇردا نۇرلىنىش ۋاقتى 8 سېكۇنت بولسا مۇۋاپىق؛ يېشىل رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكا ئىشلىتىلگەن سۈرەتنىڭ قىزغۇچ نۇردا نۇرلىنىش ۋاقتى 15 سېكۇنت بولسا مۇۋاپىق؛ كۆك رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكا ئىشلىتىلگەن سۈرەتنىڭ سېرىق نۇردا نۇرلىنىش ۋاقتى 10 سېكۇنت بولسا مۇۋاپىق ۋاھاكازا.

رەسمىي نۇرلاندۇرۇش: يۇقۇرقىلارغا ئاساسەن، قارا نۇردا نۇرلىنىش ۋاقتىنىڭ 8 سېكۇنت، قىزغۇچ نۇردا نۇرلىنىش ۋاقتىنىڭ 15 سېكۇنت، سېرىق نۇردا نۇرلىنىش ۋاقتى-

نىڭ 10 سېكۇنت بولىدىغانلىقىنى بىلىش شەرتى قىلىپ تۇرۇپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا رەڭلىك سۈرەت قەغىزىنى قىزىل، يېشىل ۋە كۆك رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكىدا بىر خىل رەڭ بىلەن ئۈچ قېتىم نۇرلاندۇرىمىز. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدا سۈرەت ئەكس ئېتىدۇ. بىز ئۇنى توختىتىپ يۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن رەڭلىك سۈرەت چىقىدۇ. سۈرەت رەڭگىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك چىققان - چىقمىغانلىقىغا قاراپ، ھەر خىل رەڭلەر بىلەن نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ ياكى قىسقارتىپ، سۈرەتنىڭ رەڭگىنى تۈزىتىمىز.

رەڭ تۈزىتىش: رەڭ تۈزىتىش رەڭنىڭ ھاسىل بولۇش قائىدىسى بويىچە ۋە رەڭلەرنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلاش مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. پىرىنسىپ مۇنداق: قايسى رەڭ ئارتىپ كەتسە، شۇ رەڭنى سۈزگۈچى پىلاستىنكا بىلەن نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىمىز. مەسىلەن، كۆك رەڭ ئارتىپ كەتسە، كۆك رەڭ سۈزگۈچى پىلاستىنكا بىلەن نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىمىز؛ قارا رەڭ ئارتىپ كەتسە، كۆك ۋە يېشىل رەڭلەرنى سۈزگۈچى پىلاستىنكا بىلەن نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىمىز. چۈنكى كۆك + يېشىل = قارا بولىدۇ.

رەڭلەرنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلاش مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن، رەڭلەرنى ئارتىپ كەتكەن رەڭنىڭ قوشۇمچە رەڭگى بىلەن نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىش ئارقىلىق تۈزىتىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن كۆك رەڭ ئارتىپ كەتكەن بولسا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىزىل ۋە يېشىل رەڭلەر بىلەن نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىمىز، چۈنكى قىزىل + يېشىل = سېرىق بولىدۇ، سېرىق كۆكنىڭ قوشۇمچە رەڭگى ھېسابلىنىدۇ؛ قارا رەڭ ئارتىپ كەتكەن بولسا، قىزىل قارىنىڭ قوشۇمچە رەڭگى بولغاچقا، قىزىل رەڭ بىلەن نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىمىز. 1 - جەدۋەلدە كۆرسىتىلگىنى نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ئارقىلىق رەڭ تۈزىتىش مۇناسىۋىتى بولۇپ، بۇ جەدۋەلنى قاراڭغۇ ئۆينىڭ تېمىغا چاپلاپ قويۇپ پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

1 - جەدۋەل نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ئارقىلىق رەڭ تۈزىتىش

| نۇرلاندۇرۇش ۋاقتى قىسقارتىلىدۇ | نۇرلاندۇرۇش ۋاقتى ئۇزارتىلىدۇ | ئارتىپ كەتكەن رەڭ |
|---|---|---|
| يېشىل + كۆك (يەنى قارا) | قىزىل | قىزىل |
| كۆك + قىزىل (قىزغۇچ) | يېشىل | يېشىل |
| قىزىل + يېشىل (سېرىق) | كۆك | كۆك |
| كۆك | سېرىق | سېرىق |
| يېشىل | قىزغۇچ | قىزغۇچ |
| قىزىل | قارا | قارا |

بۇ مەشغۇلاتلارغا پىششىقلانغاندىن كېيىن، بىر پارچە سۈرەت قەغىزىنى قىزىل، يېشىل ۋە كۆك رەڭلەرنى سۈزگۈچى پىلاستىنكا بىلەن ھەر بىرىنى 10 سېكۇنتتىن نۇرلاندۇرۇپ باقساق بولىدۇ. بۇ چاغدا سۈرەتنىڭ زىچلىقى مۇۋاپىق بولسىمۇ، قىزىلغا مايىل بولۇپ قالسا، قىزىل رەڭ سۈزگۈچى پىلاستىنكا بىلەن نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنى 12 سېكۇنتقىچە ئۇزارتىمىز، يېشىل ۋە كۆك رەڭلەرنى سۈزگۈچى پىلاستىنكا بىلەن نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنى شۇنىڭغا ماس ھالدا 9 سېكۇنتقا قىسقارتىمىز. مۇشۇ بويىچە ئىش كۆرۈۋەرسەك، رەڭ تۈزىلىدۇ.

نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىش ئارقىلىق نۇر تۈزىتىش: بۇ ئۇسۇلدا قوشۇمچە رەڭ — سېرىق، قىزغۇچ ۋە قارا رەڭلەرنى سۈزگۈچى پىلاستىنكىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان زىچلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى نۇرلاندۇرۇش يولىغا قويۇپ نۇر تۈزىتىلىدۇ.

سىناق نۇسخە چىقىرىش: رەڭلىك مەنپىي نەگاتىپتىن بىرنى تاللىۋېلىپ، ئۇنىڭغا رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكا ئىشلەتمەي، ئاۋۋال 5 سېكۇنت، 10 سېكۇنت، 15 سېكۇنت، 20 سېكۇنت ۋە 25 سېكۇنت ۋاقىت ئىچىدە سۈرەت قەغىزىنى نۇرلاندۇرىمىز. سۈرەت ئەكس ئېتىپ قويۇلغاندىن كېيىن، زىچلىقى مۇۋاپىق ۋاقىتنى، مەسىلەن، 10 سېكۇنتنى تاللاپ، رەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىمىز.

رەڭ تۈزىتىش: رەڭ تۈزىتىش پرىنسىپى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، يەنى قايسى رەڭ ئارتىپ كەتسە، شۇ رەڭنى سۈزگۈچى پىلاستىنكىنىڭ زىچلىقىنى ئاشۇرىمىز، ياكى شۇ رەڭنىڭ قوشۇمچە رەڭگىنى سۈزگۈچى پىلاستىنكىنىڭ زىچلىقىنى كېمەيتىمىز. مەسىلەن، 2 - جەدۋەلدىكىگە ئوخشاش.

2 - جەدۋەل نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىش ئارقىلىق نۇر تۈزىتىش

| زىچلىقى كېمەيتىلىدۇ | زىچلىقى ئاشۇرۇلىدۇ | ئارتىپ كەتكەن رەڭ |
| --- | --- | --- |
| قارا | سېرىق + قىزغۇچ (يەنى قىزىل) | قىزىل |
| قىزغۇچ | سېرىق + قارا (يېشىل) | يېشىل |
| سېرىق | قىزغۇچ + قارا (كۆك) | كۆك |
| قىزغۇچ + قارا (يەنى كۆك) | سېرىق | سېرىق |
| سېرىق + قارا (يېشىل) | قىزغۇچ | قىزغۇچ |
| سېرىق + قىزغۇچ (قىزىل) | قارا | قارا |

رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكىنىڭ زىچلىقى ئاشقان ياكى كېمەيگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى نۇرلاندۇرۇش ۋاقتىنى تەڭشەش كېرەك. لېكىن قوشۇمچە رەڭلەر بىلەن نۇرلاندۇرۇش ۋاقتى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكىلارنىڭ تەڭشەش مۇناسىۋىتى 3 - جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك. ئۆزىمىز ياسىۋالغان رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكىلارنى سىناق قىلىپ باقساق بولىدۇ.

3 ـ جەدۋەل مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكىلىرىنىڭ ۋاقىت تەڭشەش مۇناسىۋىتى

| نۇرلىنىش ۋاقتى ئۇزارتىلىدۇ ياكى قىسقارتىلىدۇ | 10 بىرلىك كۆپەيتىلىدۇ ياكى ئازايتىلىدۇ |
|---|---|
| 3 % | سېرىق |
| 7 % | قىزغۇچ |
| 10% | قارا |

خاتىرىلەش: سىناق نۇسخىسى چىقارغاندا، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە توغرا ئاساس تېپىش ئۈچۈن، رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكىسىنىڭ بىرىكىش ئەھۋالىنى، شۇنداقلا چوڭايتىش ئۆلچىمى، نۇر چەمبىرىكى ۋە نۇرلاندۇرۇش ۋاقتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى نىگاتىپ خالتىسىغا ياكى سىناق نۇسخىسىنىڭ كەينىگە خاتىرىلەپ قويۇش لازىم. خاتىرە بىر خىل ئۆلچەمدە يېزىلىشى لازىم. مەسىلەن، 2 ـ سۈرەتنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر گۇرۇپپا سانلار رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكىنىڭ زىچلىقىنى، ئالدىنقى ئىككى خانە سان سېرىق رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكىنىڭ زىچلىقىنى (05 سېرىق رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكىسىغا قوشۇلغان 5 زىچلىق بىرلىكىنى بىلدۈرىدۇ)، ئوتتۇرىدىكىسى قىزغۇچ رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكىسىنىڭ زىچلىقىنى، ئاخىرقى ئىككى خانە سان قارا رەڭ سۈزگۈچ پىلاستىنكىسىنىڭ زىچلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئوڭ تەرىپىدىكى بىر گۇرۇپپا سانلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سۈرەتنىڭ 2 ھەسسە چوڭايتىلىدىغانلىقىنى، F11 تىپلىق نۇر چەمبىرىكى ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى، 7 سېكۇنت نۇرلاندۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئوخشاش بىر پارچە سۈرەت لېنتىسىنىڭ نۇرلىنىش شارائىتى ئوخشاش بولسا، سىناق نۇسخىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققاندىن كېيىن، باشقا نىگاتىپلاردىن سىناق نۇسخىسى چىقارمايلا بىۋاسىتە سۈرەت بېسىپ چىقىرىشقا بولىدۇ.

## سۈرەت قانداق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ ۋە يۇيۇلىدۇ؟

رەڭلىك سۈرەت ئەكس ئەتتۈرۈش دېگىنىمىز نۇرلاندۇرۇلغان گالوگېنلىق كۈمۈشنى سۈرەت ئەكس ئەتتۈرۈش دورىسىنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ، رەڭ ھاسىل قىلغۇچى بوياقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ رەڭ ھاسىل قىلىش دېمەكتۇر. سۈرەت ئەكس ئەتتۈرۈش دورىسىنى تەييارلاش ناھايىتى مۇرەككەپ. رەڭلىك سۈرەت ئەكس ئەتتۈرۈش دورىسى $CD_3$ ئۇنىڭ ئاساسىي تەركىبى بولغانلىقى سىرتىدا، ئۇنىڭغا يەنە بېنزىل ئالكوھول قوشۇلىدۇ. بېنزىل ئالكوھول ئوسموسلۇق دورا بولۇپ، $CD_3$ نىڭ رەڭ ھاسىل قىلغۇچى مايدا ئېرىيدىغان دورىلار بىلەن قوشۇلۇپ بوياق ھاسىل قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭغا تېزلەتكۈچى ئىشقارلىق دورا سۇسىز كالىي كاربونات قوشۇلسا، دورا سۇيۇقلۇقىنىڭ H قىممىتىنى يۇقىرى



كۆتەرگىلى، سۈرەت ئەكس ئەتتۈرۈش دورىسىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئائىلىلەردە دورىغا دائىم تۇرۇبا سۈيى قوشۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېكسا ناترىي مېتا سۇلفات قوشۇش سۇ تەركىبىدىكى كالتسىي، ماگنىي قاتارلىق ئېغىر مېتاللارنىڭ ئىئونلىرىغا كومپلېكس رول ئوينايدۇ (دىستىرلەنگەن سۇ بىلەن تەييارلانغان دورىغا ھېكسا ناترىي مېتا سۇلفات قوشۇلمايدۇ). تۆۋەندىكىسى شائخەيدە ئىشلەنگەن رەڭلىك سۈرەت قەغىزىگىمۇ، كوداك (Kdak) ماركىلىق رەڭلىك سۈرەت قەغىزىگىمۇ ماس كېلىدىغان رەڭلىك ئەكس ئەتتۈرۈش دورىسىنىڭ رېتسېپى:

| | |
|---|---|
| سۇ (دىستىرلەنگەن سۇ)* | 800ml |
| بېنزىل ئالكوھول سۈيۇقلۇقى 50% | 30ml |
| ھىدروكسىلامىن ھىدروخلورىد | 2g |
| سۇسىز ناترىي بىسۇلفۇر | 2g |
| سۇسىز كالىي كاربونات | 0·4g |
| 6 - نىتروبېنزىمىدازول نىترات كىسلاتا تۇزلىرى 0·2% | 10ml |
| CD - 3 | 6g |
| يەتكۈزۈلىدىغان سۈيۇقلۇق مىقدارى | 1000ml |

PH 10·1 ~ 10·2

*تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىلسە ھېكسا ناترىي مېتا سۇلفاتتىن 2 گرام قوشۇش كېرەك.

Δ 50% لىك بېنزىل ئالكوھول سۈيۇقلۇقى 50ml بېنزىل ئالكوھول بىلەن 50ml دى

گىلىتسىرولدىن تەييارلىنىدۇ.

دورا تەييارلاشتا دورىلارنى تەرتىپى بويىچە قوشۇش، ئالدىنقى دورا تولۇق ئېرىپ بولغاندىن كېيىن، كېيىنكى دورىنى ئاز - ئازدىن قوشۇش كېرەك.

رەڭلىك سۈرەت ئەكس ئەتتۈرۈش ئىشى قاراڭغۇ ئۆيدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدا تېمپېراتۇرا ۋە ۋاقىت قاتتىق تىزگىنلىنىدۇ. تېمپېراتۇرا يۇقۇرى بولۇپ كەتسە، سۈرەت قىزىل بىلەن سېرىققا مايىل (بەك ئىللىق) بولۇپ قالىدۇ؛ تېمپېراتۇرا بەك تۆۋەن بولۇپ قالسا، سۈرەت كۆك بىلەن يېشىلغا مايىل (بەك سۇرۇن) بولۇپ قالىدۇ. دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن سۈرەت قەغەزلىرى ئۈچۈن 31°C، ئىمپورت قىلىنغان سۈرەت قەغەزلىرى ئۈچۈن 33°C مۇۋاپىق. سۈرەت ئەكس ئەتتۈرۈش ۋاقتى 3 يېرىم مىنۇت بولۇشى لازىم. ۋاقىت ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، سۈرەت قىزغۇچ چىقىپ قالىدۇ، ۋاقىت قىسقا بولۇپ قالسا، سۈرەت كۆكۈش چىقىپ قالىدۇ.

سۈرەت ئەكس ئەتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، توختىتىش ۋە سۇدا يۇيۇش ۋاقتى 15 سېكۇنت، تېمپېراتۇرا 30°C ~ 25° بولىدۇ. سۈرەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قاراڭغۇ ئۆيدە ئۇنى توختىتىش دورىسىغا سالىمىز. توختىتىپ بولغاندىن كېيىن، قالغان ئىشلار يورۇق ئۆيدە ئىشلەنسىمۇ بولىدۇ.




1 - سۈرەت

توختىتىش دورىسىنىڭ رېتسېپى:

28% لىك قاتتىق سىركە كىسلاتاسى 10ml

سۇ (21°C ≈ 24°C) غىچە 1000ml

## سۈرەت قانداق توختىتىلىدۇ ۋە يۇيۇلىدۇ؟

توختىتىش دېگىنىمىز لەيلىتىش بىلەن تۇرغۇنلاشتۇرۇشنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەن ئاتالغۇسى

بولۇپ، ئۇلار بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. رەڭلىك سۈرەتنى توختىتىشنىڭ رولى شۇكى، نۇرلاندۇرۇلغان ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەت كۆلەڭگىسى (يەنى قارا مېتال كۈمۈش) نى ئېرىيدىغان كۈمۈش تۇزلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، نۇرلىنىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەت كۆلەڭگىسىنى ۋە نۇرلانمىغان گالوگېنلىق كۈمۈشنى ئېرىتىپ، سۈرەت يۈزىدە رەڭ كۆلەڭگىسىلا قالدۇرۇشتىن ئىبارەت. سۈرەت توختىتىلغاندىن كېيىن، رەڭدار، كۆركەم سۈرەت داستىكى دولقۇنلاپ تۇرغان سۇدا پەيدا بولىدۇ.

توختىتىش دورىسىنىڭ ئاساسىي تەركىبى ھىپوسۇلفىتتۇر. لەيلىتىش بىلەن توختىتىش تەڭ ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، سۈرەت كۆلەڭگىسىنى ئېرىتىش ئۈچۈن، ناترىي ھىدروكسىد، ئېتىلېنېدىئامىن تېترائاتسېتىك كىسلاتا، فېرري تىرىفلورىدلارنى لەيلىتىش سۇيۇقلۇقى ئورنىدا ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ناترىي بى سۇلفۇر قوغدىغۇچى دورا بولۇپ، دورا سۇيۇقلۇقىنى ئوكسىدلىنىشتىن ساقلايدۇ. تىئۇرېيا كۈمۈش تۇزلىرىنى ئېرىتكۈچى ئاساسىي تەركىبتۇر. دانىكا كىسلاتاسى H قىممىتىنى تەڭشەيدۇ. رەڭلىك توختىتىش سۇيۇقلۇقىنىڭ رېتسېپى مۇنداق:

ناترىي ھىدروكسىد 18g
ئېتىلېنېدىئامىن تېترائاتسېتىك كىسلاتا 35g
فېرري ترىخلورىد ($6H_2O$) 25g
ھىپوسۇلفىت 170g
سۇسىز ناترىي بى سۇلفۇر 10g
دانىكا 10g
تىئۇرېيا 5g
سۇ (20 ± 0.5°C) 1000ml غىچە
(qH = 6.7)

سۇدا چايقاش دورا سۇيۇقلۇقىنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلىۋېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

توختىتىش ۋە سۇدا يۇيۇشتا، تېمپېراتۇرا 30°C ~ 25°C بولىدۇ؛ توختىتىش ۋاقتى 2 يېرىم مىنۇت، سۇدا چايقاش ۋاقتى 3 مىنۇت بولىدۇ.

## سۈرەت قانداق توختىتىلىدۇ ۋە قۇرۇتۇلىدۇ؟

ئەتىۋارلاپ ساقلىنىدىغان رەڭلىك سۈرەت دائىم ئۆڭۈپ كېتىپ ئەسلى رەڭگىنى يوقىتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى سۈرەتنىڭ توختىتىلمىغانلىقىدا.

توختىتىش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاساسىي تەركىبى 40% — 30% لىك فورمالىن بولۇپ، غىدىقلىغۇچى پۇراققا ئىگە. ئۇ رەڭنى ئوكسىدلىنىشتىن ئۈنۈملۈك ساقلىيالايدۇ. رەڭلىك توختىتىش سۇيۇقلۇقىنىڭ رېتسېپى مۇنداق:




2 - سۈرەت

سۇ (20°C±0.5°C) 200ml
فورمالىن (40% ~ 30%) 50ml
ناترىي ئاتسېتات 20g
يەتكۈزۈلىدىغان سۇيۇقلۇق مىقدارى 1000ml غىچە

رەڭلىك سۈرەت قەغىزىنى سۇدا يۇغاندىن كېيىن، تېمپېراتۇرىسى نورمالنى ئۆيدە

توختىتىش سۈيۈقلۇقىغا بىر مىنۇتقىچە چىلاپ قويساقلا بولىدۇ.

رەڭلىك سۈرەت تارتىش ئۈچۈن نۇر كەتمەيدۇ، ئۆيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەبىئىي قۇرغاق بولسىلا بولىدۇ. ئەگەر سۈرەتنى ئۈلترا قىزىل نۇردىن پايدىلىنىپ ياكى توك بىلەن قۇرۇتۇش ماشىنىسىدا 70°C تىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا قۇرۇتىدىغان بولساق، سۈرەت تېخىمۇ رەڭدار ۋە كۆركەم چىقىدۇ.

4 - جەدۋەل رەڭلىك سۈرەتنى يۇيۇش تەرتىۋى، ۋاقتى ۋە تېمپېراتۇرىسى

| ئىش شارائىتى | ۋاقىت | تېمپېراتۇرا | مەشغۇلات | تەرتىپ |
|---|---|---|---|---|
| قاراڭغۇ ئۆي | 3 1/2 مىنۇت | ئىمپورت 33°C | ئەكس ئەتتۈرۈش | 1 |
| قاراڭغۇ ئۆي | 15 سېكۇنت | شاڭخەي 31 ±0.5°C | ئەكس ئەتتۈرۈشنى توختىتىش | 2 |
| قاراڭغۇ ئۆي | 15 سېكۇنت | يۇقۇرقىغا ئوخشاش | سۇدا يۇيۇش | 3 |
| يورۇق ئۆي | 2 1/2 مىنۇت | يۇقۇرقىغا ئوخشاش | لەيلىتىپ توختىتىش | 4 |
| يورۇق ئۆي | 3 مىنۇت | يۇقۇرقىغا ئوخشاش | سۇدا يۇيۇش | 5 |
| يورۇق ئۆي | 1 مىنۇت | يۇقۇرقىغا ئوخشاش | توختىتىش | 6 |
| ئىلگىرىكى تېمپېراتۇرىدا ياكى 70°C تىن تۆۋەن ئىسسىق شامالدا | | | قۇرۇتۇش | 7 |

باتۇر مامۇت تەرجىمىسى

## باللارغا پالەكنى كۆپ يېگۈزۈش پايدىسىز

پالەكتە كۆپ مىقداردا تۆمۈر ماددىسى ۋە ھەر خىل ۋىتامىنلار بولۇپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر پالەكنى كۆپ ئىستېمال قىلسا قاننى تولۇقلايدۇ، باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە پالەك تەركىبىدە تۆمۈر ماددىسى كۆپ بولغىنى ئۈچۈن، ئادەم بەدىنى تەستە قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا بوۋاقلار بەدىنىدىكى تۆمۈر ماددىسىنى تولۇقلاش، قان كۆپەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ. ئەكسىچە پالەك باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئېھتىياجلىق بولغان بىر مۇھىم خام ئەشيا كالتسىينى كېمەيتىۋېتىدۇ، چۈنكى پالەكنىڭ تەركىبىدە ئاتسىدى پولتىس كۆپ بولغاچقا ئۇ ئادەم بەدىنىگە كىرگەندىن كېيىن، ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرىدىكى باشقا يېمەكلىكلەر تەركىبىدىكى كالتسىي بىلەن بىرىكىپ ئاسان ھەزىم بولمايدىغان ھەم ئاسان قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئاتسىدى پولتىسى كالتسىينى ھاسىل قىلىدۇ، باللارنىڭ ئۇستىخىنى ۋە چىشلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى كالتسىيدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا پالەكنى بەك كۆپ ئىستېمال قىلىش باللارنىڭ ئۇستىخان ۋە چىشلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

راخمانجان روسۇل تەرجىمىسى

# كىيىمدىكى داغلارنى چىقىرىۋېتىشنىڭ قانچە خىل ئۇسۇلى بار؟

تۇرمۇشتا ياخشى كۆرىدىغان كىيىم - كېچەكلىرىمىزنىڭ پاسكىنا بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش قىيىن. كىيىمدىكى ھەر خىل داغلارنى سۇ، سوپۇن ۋە سوپۇن پاراشوكلىرى بىلەنلا يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا داغلارنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ئوخشىمايدىغان خىمىيىلىك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇلارنى چىقىرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. كىيىم - كېچەكلەردىكى داغلارنى ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق چىقىرىۋېتىشكە بولىدۇ.

**قاتتىق يۇيۇش ئۇسۇلى:**

بۇ خىل ئۇسۇلدا سۇ ئېرىتكۈچ قىلىنىدۇ. لېكىن ئالدى بىلەن داغنى سۇدا چىقىرىۋېتىشكە بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى، سۇدا چىقىرىۋەتكىلى بولسا، سوغاق سۇ ياكى ئىسسىق سۇدا چىقىرىشنى ئويلىنىش كېرەك. سۇدا يۇغاندا ئەڭ ياخشىسى كىيىمنىڭ چوڭراق داغ تەككەن يېرىنى كەرگۈ بىلەن چىڭ كېرىپ، ئاۋال داغ ئورۇنىنى سۇدا يۇيۇۋېتىپ، ئاندىن چوتكا بىلەن داغ چىقىپ كەتكىچە چوتكىلاش كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇل چوتكىلاپ يۇيۇشقا بولىدىغان توقۇلما بۇيۇملارغىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ. چۈنكى سۇدا چىقمايدىغان داغ بولۇپ قالسا قاتتىق چوتكىلاش تالانى زەخمىلەپ، توقۇلما بۇيۇملارنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىدۇ.

**چىلاپ قويۇپ يۇيۇش ئۇسۇلى:**

بۇ ئۇسۇلدا ئېرىتكۈچنىڭ داغنى ئېرىتىشكە يېتەرلىك ۋاقىت بولۇشى ئۈچۈن، توقۇلما بۇيۇملارنىڭ داغ بولۇپ قالغان قىسمى ئېرىتكۈچ قاچىلانغان قاچىغا چىلىنىدۇ. مۇۋاپىق ۋاقىتتىن كېيىن داغ ئورنى چوتكىلىنىدۇ ۋە پاكىز سۇدا يۇيۇلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا ئېرىتكۈچنىڭ خۇسۇسىيىتىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر ئېرىتكۈچنىڭ چىرىتىش رولى بولسا، ۋاقىتنىڭ ئۇزاق بولۇپ كەتمەسلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك، بولمىسا كىيىم - كېچەكنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

**سۈرتۈش ئۇسۇلى:**

بۇ ئۇسۇلدا ئىنچىكە پاختا يۆگەلگەن رەختكە ئازراق ئېرىتكۈچ تامغۇزۇلۇپ، داغ بولۇپ قالغان ئورۇن يېنىك سۈرتۈلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل كىيىم - كېچەكنىڭ سۈپىتىگە ئۇنچىلىكچە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. رەختنىڭ تەتۈر تەرىپىدىن سۈرتىدىغان يەنە بىر خىل ئۇسۇل بار. بۇ ئۇسۇلدا ئېرىتكۈچكە چىلانغان پاختا يۆگەلگەن رەخت يۇيۇلىدىغان رەختنىڭ تەتۈر تەرىپىگە يېنىك سۈرتۈلىدۇ. ئادەتتە داغ بولغان ئورۇن ئانچە چوڭ بولمىسا، داغ ئورۇننى ستاكان ئاغزىغا كېرىپ ئوڭ ياكى تەتۈر تەرىپىدىن سۈرتۈشكە بولىدۇ. ئەگەر داغ بولغان ئورۇن نىسبەتەن چوڭراق بولسا، كىيىم-كېچەكتىكى داغ ئورنىنىڭ ئاستىغا، ئەڭ ياخشىسى ئۈستىگە سۇ سۈمۈرىدىغان قەغەز قويۇلغان (ئىشلەتكەندە بىر نەچچە قېتىم يۆتكەش كېرەك) بىرەر نەرسىنى تىرەپ قويۇپ، ئاندىن تەتۈر تەرىپىدىن سۈرتۈش كېرەك. ئەگەر داغ چىقىرىلغاندىن كېيىن كىيىمدە ئېرىتكۈچنىڭ ئىزى قېلىپ قالسا، قالغان ئىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سىرتقا قاراپ بىر يۆنىلىشتە سۈرتىۋېتىلسە، (ئالدى - كەينىگە ياندۇرۇپ سۈرتمەك) ئېرىتكۈچنىڭ ئىزىنى چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ.

# سۈنئى تالادىن توقۇلغان بۇيۇملارنى قانداق يۇيۇش ۋە دەزماللاش كېرەك؟

سۈنئى تالادىن توقۇلغان بۇيۇملار، مەسىلەن: ئىشتان - چاپان، يوتقان تېشى، پايپاقلارنى يۇيۇش ۋە دەزماللاش ئۇسۇللىرى پاختىدىن توقۇلغان بۇيۇملارنى يۇيۇش، دەزماللاش ئۇسۇللىرى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ. ئەگەر يۇيۇش ۋە دەزماللاش مۇۋاپىق بولماي قالسا، توقۇلما بۇيۇملار زەخىملىنىدۇ. ئۇنداقتا، سۈنئى تالادىن توقۇلغان بۇيۇملارنى قانداق ئۇسۇلدا يۇغاندا ۋە دەزماللىغاندا ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۆمرىگە تەسىر يېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

سۈنئى تالادىن توقۇلغان بۇيۇملارنى ئىشقارلىقى نىسبەتەن ئاجىز سوپۇن ياكى نېيترال سوپۇن بىلەن ئىلمان سۇدا يۇيۇشىمىز، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 30-40°C ئارىلىقىدا بولۇشى كېرەك. سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، توقۇلما بۇيۇملار ئەسلىدىكى پارقىراقلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. كىيىمنى ھەددىدىن ئارتۇق كۈچ بىلەن ئۇۋۇلىماسلىق كېرەك ياكى توخماق بىلەن ئۇرۇپ يۇماسلىق كېرەك. كىيىمنى تېز قۇرۇتىمەن دەپ ئۇنى كۈچەپ سىقماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇنداق قىلىشمۇ توقۇلما بۇيۇملارنى زەخىمگە ئۇچرىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، سۈنئى تالالىق توقۇلما بۇيۇملار يۇيۇلغاندىن كېيىن ئوڭايلا قۇرۇيدۇ. سۈنئى تالالىق توقۇلما بۇيۇملارنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئاپتاپقا ئۇزاق ياياماسلىق كېرەك، چۈنكى ئاپتاپ توقۇلما بۇيۇمنىڭ رەڭگىنى ئۆڭدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن چىدامچانلىقىنىمۇ ئەسلىدىكىدىن ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا توقۇلما بۇيۇملار قۇرۇپ بولىشىغىلا يىغىۋېلىش كېرەك.

سۈنئى تالادىن توقۇلغان بۇيۇملارنى ھەددىدىن ئارتۇق قىزىق دەزمالدا دەزماللىماسلىق كېرەك. ئادەتتە، دەزمالنىڭ تېمپېراتۇرىسى 120 — 160°C ئارىلىقىدا بولسا بولىدۇ. دەزمالنىڭ تېمپېراتۇرىسى بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، توقۇلما بويۇمدا سېرىق داغ پەيدا بولۇپ قالىدۇ ۋە ھەتتا پارچىلىنىش رولىنىڭ تەسىرىدە سۈپىتى ئۆزگىرىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، توقۇلما بۇيۇملارنىڭ ئىشلىتىلىش ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ.

تۇرسۇت ئەمەت تەرجىمىسى

---

# يەر شارىدىن قۇياشقا بېرىش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

قۇياش بىلەن يەر شارىنىڭ ئوتتۇرىچە ئارىلىقى 149 مىليون 600 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، ھەر خىل جىسىملارنىڭ قۇياشقا بېرىشى ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقتى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

نۇر: 8 مىنۇت 19 سېكونت؛ (نۇرنىڭ تېزلىكى سېكونتىغا 300000 كىلومېتىر)

راكېتا: تەخمىنەن 3 يىل؛ (سائىتىگە 5500 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن)

ئايروپىلان: تەخمىنەن 17 يىل؛ (سائىتىگە 1000 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن)

تېز سۈرئەتلىك پويىز: تەخمىنەن 85 يىل؛ (سائىتىگە 200 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن).

كىچىك ماشىنىلار: تەخمىنەن 117 يىل؛ (سائىتىگە 100 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن).

ئات تەخمىنەن 341 يىل؛ (سائىتىگە 50 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن).

ئادەم: تەخمىنەن 2844 يىل؛ (سائىتىگە 6 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن).

خاسەن تەرجىمىسى

# بىر يۇتۇم ئىسپىرتنىڭ مەخپىي يولى

ئەگەر سىز ئاچ قوساق ۋاقىتتا بىر رومكا ۋوتكا ياكى ۋىنكى ئىچسىڭىز (ئىسپىرت قويۇقلۇق دەرىجىسى 40%، ھەجمى 25 مىللىلىتىر)، بەدىنىڭىزگە 10 گىرام ساپ ئىسپىرت كىرىدۇ. بۇ 10 گىرام ئىسپىرتنىڭ سىزنىڭ بەدىنىڭىزدىكى تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟

ئىسپىرت ئاۋال ئېغىز بوشلۇغىدا كۆيۈش سېزىمى پەيدا قىلىدۇ. بىر نەچچە سېكۇنتتىن كېيىن ئىسپىرت ئاشقازانغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئاشقازان شىللىق پەردىسى شۈمۈرۈۋالىدۇ، قالغىنىنى ئاشقازان سۇيۇقلۇغى دەررۇ سۇيۇلدۇرىۋېتىدۇ. ئىسپىرتنىڭ قويۇقلۇغى 5% ئەتراپىغا يەتكەندە سۇيۇلدۇرۇش توختايدۇ. بۇ بىر يۇتۇم ھاراقنى ئىچكەندە ئەگەر ئاشقازان قۇرۇق بولسا ئىسپىرت ناھايىتى تېزلا 4 سېكۇنتتىن كېيىن كىچىك ئۈچەيگە كىرىدۇ. ئەگەر ئاشقازان تولغان ياكى تاماق كىرىۋاتقان بولسا، ئىسپىرت يېمەكلىك بىلەن ئارىلىشىپ ئاشقازاندا ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالىدۇ. ئەمما بۇنىڭ بىلەن ئاشقازان شىللىق پەردىسىگە بولغان تەسىرى ئارتىدۇ. بەزى ھاراقلار (بولۇپمۇ پىۋە ئۇنىدىن قالسا ئۈزۈم ھارىقى) نىڭ تەركىۋىدە ئۇزۇقلۇق ماددىلار بولۇپ، ئۇلار ئىسپىرتنىڭ ئاشقازاندا تۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىۋېتىدۇ. ماي ماددىسى كۆپ يېمەكلىكلەر ئىسپىرتنىڭ ئاشقازاندا تۇرۇش ۋاقتىنى تېخىمۇ ئۇزارتىۋېتىدۇ. ھاراقنىڭ ئالدىدا بىر ئاز ئۆسۈملۈك مېيى ياكى بىر ئىستاكان سۈت ئىستېمال قىلىنسا، ئىسپىرتنىڭ شۈمۈرۈلۈش جەريانىنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ. بۇ، بەدەنگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئىسپىرت مىقدارى ئازلايدۇ ياكى ئىسپىرتنىڭ كەلتۈرىدىغان ئاقىۋەتى قىسمەن يېنىكلەيدۇ، دىگەنلىك ئەمەس ئەلۋەتتە. پەقەت شۈمۈرۈلۈش ۋاقتى ئۇزۇرايدۇ خالاس.

شۇنىڭ بىلەن 10 گىرام ئىسپىرت (ئاشقازان شىللىق پەردىسى ئارقىلىق قانغا ئۆتكەن ناھايىتى ئاز قىسمىدىن باشقىسى) ئاۋال كىچىك ئۈچەيگە كېلىپ ئاندىن چوڭ ئۈچەيگە كىرىدۇ ۋە ئۈچەي دىۋارى ئارقىلىق ئاسانلا قان تومۇرغا ئۆتىدۇ. ئىسپىرت پەقەت قانغىلا ئۆتۈپ قالماستىن، بەلكى يەنە بەدەندىكى سۇ تەركىۋى بولغان ھەر قانداق جايغا بارالايدۇ. مەسىلەن: بەدەن ئېغىرلىغى 70 كىلوگىرام بولغان ئادەمنى ئېلىپ ئېيتساق ئۇنىڭدىكى ئىسپىرت «سىڭىش بوشلۇغى» تەخمىنەن 50 كىلوگىرام كېلىدۇ. ئۇ ھەر قايسى ئەزالارنى ھۈجەيرە ۋە ھۈجەيرىلەر ئارىسىدا بوشلۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما سۆڭەك (ئۇنىڭدا سۇ تەركىۋى يوق دىيەرلىك) ۋە ماي (ئىسپىرت ئېرىمەيدۇ) غا كىرەلمەيدۇ.

ھاراق ئىچكەندىن كېيىن قاندىكى ئىسپىرت مىقدارى باشقا توقۇلمىلاردىكىگە قارىغاندا كۆپ ئارتىپ كېتىدۇ (تەخمىنەن 20%)، چۈنكى قان بەدەندىكى سۇ تەركىۋى ئەڭ كۆپ بولغان توقۇلما (چوڭ مىڭە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ). ئىسپىرت بىلەن سۇنىڭ بىرىكىشچانلىقى بولغاچقا، سۇنى ئۆزىگە شۈمۈرۈۋالالايدۇ. ئادەتتە ئادەم بەدىنىدىكى سۇنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ھۈجەيرىلەردە، ئۈچتىن بىر قىسمى ھۈجەيرىلەر ئارىسىدىكى سۇيۇقلۇقلاردا بولىدۇ. ئەگەر ھاراق ناھايىتى كۆپ ئىچىلسە، ئىسپىرت ھۈجەيرىلەر ئارىسىدىكى بوشلۇقنى ئايلانغاندا ھۈجەيرىلەردىكى سۇنى شۈمۈرۈۋالىدۇ. بۇ چاغدا سۇ گەرچە يەنىلا بەدەن ئىچىدە بولسىمۇ ئەمما ئىلگىرىكى ئورۇندا يەنى ھۈجەيرىدە بولمىغانلىغى

سەۋەپلىك كىشىنى ئۇسسۇتىدۇ. بۇ چاغدا ئىن... كۆپلەپ سۇ ئىچىلسىمۇ ئۇسسۇزلۇق ئۆزۈنغىچە قانمايدۇ.

ئىسپىرت بەدەننى ئايلىنىش جەريانىدا تەدرىجى پارچىلىنىدۇ. جىگەردە ھىدروگېن چىقىرىش رېئاكسىيىسى يۈز بېرىدۇ — ئىسپىرت مالېكۇلىسىدىن بىر ھىدروگېن ئاتوم ئايرىلىپ چىقىدۇ - دە، نەتىجىدە ئىسپىرت زەھەرلىك بولغان ئاتسېتىك ئالدېھىدقا ئۆزگىرىدۇ. ئىسپىرت يەنىمۇ پارچىلانغاندا ھاسىل بولىدىغان سىركە كىسلاتاسىمۇ زەھەرلىك، مۇبادا ھاراق ناھايىتى كۆپ ئىچىلسە پارچىلىنىش جەريانى باشقا توقۇلمىلاردىمۇ يۈز بېرىدۇ. باشقا توقۇلمىلارنىڭ زەھەرسىزلەندۈرۈش ئىقتىدارى بولمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ھۈجەيرىلىرى ئىسپىرت پارچىلانغاندا دەررۇ ئۆلىدۇ. ئىسپىرتقا «ئادەتلىنىپ قالغان» جىگەر ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇنچە كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كەتمەيدۇ.

پارچىلانمىغان شەكىلدە ئۆپكە تەرىپىدىن چىقىرىۋېتىلىدىغان ئىسپىرت ئاران 2.5% ئەتراپىدا بولىدۇ. يەنە شۇنچىلىك ئىسپىرت بۆرەك تەرىپىدىن چىقىرىۋېتىلىدۇ. تەر بىلەن قوشۇلۇپ تېرە ئارقىلىق چىقىرىۋېتىلىدىغان ئىسپىرت ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلىنىدىغىنى ئاساسەن بۆلۈنگەن ماددىلار، ئىسپىرتنىڭ ئۆزى ئەمەس.

ئىسپىرتتىن ھاسىل بولغان سىركە كىسلاتاسى بارلىق ھۈجەيرىلەر ئارىسىدا ئاستا - ئاستا پارچىلىنىپ، ئاخىرى سۇ ۋە كاربون تۆت ئوكسىدنى ھاسىل قىلىدۇ، بىر قىسىم سىركە كىسلاتاسى ئادەم بەدىنىگە مۇناسىۋەتلىك خولېستېرىن ۋە ياغ كىسلاتاسىغا ئايلىنىدۇ.

ئىسپىرت ئوكسىدلىنىش جەريانىدا ئىسسىقلىق ئاجرىلىپ چىقىدۇ. بىر گرام ئىسپىرت كۆيگەندە 7 كىلو كالورىيە ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىسسىقلىق بەدەنگە يېمەكلىك بىلەن كىرىدىغان ئىسسىقلىقنىڭ رولىنى ئوينىيالمايدۇ. ئىسپىرت يېمەكلىك ئەمەس، ئۇنىڭ تەركىۋىدە ئاقسىل، ۋىتامىن، مىنېرال ماددا قاتارلىق ئوزۇقلۇقلارمۇ يوق. ھاراق ئىچكۈچىلەر ئىسپىرتنىڭ تەسىرى بىلەن ھەممىشە بىر نەرسە يېيەلمىگەنلىكتىن زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇقتا ئېرىشەلمەيدۇ - دە، ئاستا - ئاستا ئورۇقلاپ كېتىدۇ.

خۇددى كافېئىن، نىكوتىن قاتارلىق دورا ماتېرىياللىرىغا ئوخشاش ئىسپىرتمۇ، ھەر كىشىدە ئوخشاشمىغان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بىر ئازمۇ ھاراق ئىچەلمەيدىغان بەزى كىشىلەر، ئازراقلا ھاراق ئىچىپ قويسا ئاشقازىنى تارتىشىدۇ ۋە قۇسىدۇ. چوڭ مېڭىنىڭ ئىسپىرتقا نىسبەتەن كۆرسىتىدىغان ئىنكاسىمۇ ھەر كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ. بەزىلەردە بىر لىتىر قاندىكى ئىسپىرت مىقدارى پەقەت 0.5 گىرامغا يەتسىلا مەستلىك ئالامەتلىرى روشەن كۆرۈنىدۇ. يەنە بەزىلەردە بولسا بىر لىتىر قاندىكى ئىسپىرت مىقدارى 4 گىرامغا يەتكەندىمۇ يەنىلا چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ، ئىسپىرتنىڭ كېيىنكى ھالەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئورگانىزمىغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئازراق بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئۇ ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئوخشاشلا زىيانلىق. بەزىلەر بۇ خىل زەھەرگە خۇمار بولىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ھاراق ئىچكۈچىلەرنىڭ بەزىدە تېخىمۇ كۆپ ئىچكۈسى كېلىدۇ - دە، بۇ خىل تەلەپ تەدرىجى ھالدا ئۆزىنى تۇتالمايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. مانا بۇ ئاستا خاراكتېرلىق ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىشنى پەيدا قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى، ھاراق ئىچكۈچىلەر دائىم جى-

گەر قېتىش، ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىش خاراكتېرلىق نېرۋا كېسەللىكى ھەممىدە ھاراقنى زىيادە كۆپ ئىچىشتىن كېلىپ چىقىدىغان باشقا خىل كېسەللىكلەر مەسىلەن: تۇبېركۇليوز، يۇقۇرقى نەپەس يولى راكى قاتارلىقلارغا گىرىپتار بولىدۇ. (فرانسىيەدە مۇشۇ كېسەللىكلەر بىلەن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 مىڭ ئادەم ئۆلىدۇ).

ئىسپىرت ئۆتكۈزۈلچان نېرۋىلارنى جانلاندۇرغۇچى ماددىلارغا مەسىلەن، ئادرېنالىن، يېڭى ئادرېنالىن ۋە ئاتسېتىلخولىن قاتارلىقلارغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۇندىن باشقا، ئىسپىرتنىڭ قانغا بولغان تەسىرى چوڭ مېڭىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. ئىسپىرتنىڭ تەسىرى بىلەن قىزىل قان ھۈجەيرىسىنىڭ يېپىشقاقلىقى كۈچىيىپ ئۇششاق قان تومۇرلارنى توسىۋالىدۇ-دە، چوڭ مېڭە توقۇلمىلىرىنىڭ قان بىلەن تەمىنلىنىشى ناچارلىشىپ كېتىدۇ، ۋاھالەنكى چوڭ مېڭە قان يېتىشمەسلىككە ئالاھىدە سەزگۈر بولىدۇ.

ئامېرىكىلىق دوكتور نوبول، ئىسپىرت ئاقسىل ۋە رىبونۇكلېئىك كىسلاتاسىنىڭ بىرىكىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئەمما رىبونۇكلېئىك كىسلاتاسى دەل ئەستە قالدۇرۇش ئىنفورماتسىيىسى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق دېگەن. نوبولنىڭ قارىشىچە، ھەر كۈنى ئاچ قورساققا ئىككى-ئۈچ رومكا ئۈزۈم ھارىقى ئىچىشنىڭ ئۆزىلا مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ قايتا ئەسلىگە كېلەلمەيدىغان دەرىجىدە بۇزۇلۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئىكەن.

ئىسپىرتنىڭ چوڭ مېڭىگە نىسبەتەن ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى تېخى يېتەرلىك تەتقىق قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئىش ھەركىتىگە نىسبەتەن كۆرسىتىدىغان تەسىرى كىشىلەرگە بۇرۇندىنلا بەلگىلىك ئىدى. قاندىكى ئىسپىرت تەركىۋى 0.04% ~ 0.05% يەتكەندە، چوڭ مېڭىدىكى ئورۇننى كونترول قىلىشقا، تىنچلاندۇرۇشقا ۋە ساغلام پىكىر يۈرگۈزۈشكە مەسئۇل ئورۇن ئاجىزلىشىشقا باشلايدۇ، بۇ چاغدا ھاراق ئىچكۈچى ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ئۆز خاھىشلىرىنى قانائەتلەندۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ، ئەمما ئۆپچۆرىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى نېمە دەۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمايدۇ، ئۇ ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلەش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ تولا سۆزلەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

ئىسپىرتنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقى 0.1% يەتكەندە چوڭ مېڭىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلىمى بولۇپمۇ ھەركەت قابىلىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قىسمى تورمۇزلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئادەم دەلدەڭشىپ ماڭىدىغان، قۇلۇپقا ئاچقۇچ سالالمايدىغان ۋە تىلى كالۋالىشىدىغان ھالغا كېلىپ قالىدۇ. بەزىلەرنىڭ بۇ خىل ھالەتتە يەنە خۇشچاقچاقلىقمۇ قوشۇلۇپ كېتىدۇ (كەيپى چاغ ھاياجانلانغاندا)، بەزىلەر بولسا چۈشكۈنلىشىدۇ. 15% كىشىلەرنىڭ قىياپىتىدە بۇ خىل ھالەتلەرنى كۆرۈشكە بولمىسىمۇ، ئەمما مەخسۇس ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدۇ.

قاندىكى ئىسپىرت تەركىۋىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كۆرۈش، ئاڭلاش، تېگىش سېزىملىرى، ھەركەت ئىنكاسىنىڭ تېزلىكى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ئەمما ھاراق ئىچكۈچى ئۆزىنى ئەھۋالىم ناھايىتى ياخشى، ئىنكاسىمۇ تېزلىشىپ، سېزىملىرىم ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى دەپ ھېسابلايدۇ.

قاندىكى ئىسپىرتنىڭ قويۇقلۇقى 0.2% بولغاندا، چوڭ مېڭىنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرى قىسمىدا — ئاتالمىش ئوتتۇرا مېڭە تورمۇزلىنىپ قالىدۇ (كىشىلەر ئوتتۇرا مېڭە يۈكسەك دەرىجىدە ھەسسىيات ئىنكاسلىرىنى

باشقۇرىدۇ دەپ قارىماقتا). بۇ تولۇق مەنىدىكى مەسلىك ھالىتى بولىدۇ. تۇيغۇ، ھەرىكەت مەركىزى ۋە تەڭپۇڭلۇق ئەزالىرىنىڭ مەركىزى توسالغۇغا ئۇچراشتىن باشقا، يەنە ئىپتىدائىي قابىلىيەتنىڭ كونتروللىقىمۇ يوقىلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا كىشى توساتتىن غەزەپلىنىپ، پەسكەش گەپلەرنى قىلىپ، باشقىلارغا چېقىلىدۇ ۋە جەمئىيەت مەنپەئەتىگە زىت ئىشلارنى قىلىدۇ، جىنايەتمۇ ئاز كۆرۈلمەيدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، قاندىكى ئىسپىرت قويۇقلۇقى 0.2 ~ 0.3% يەتكەندە، تەخمىنەن 5% ئادەمنىڭ قىياپىتىدە مەسلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ، ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئىسپىرتنىڭ ئۇلارنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق ئاقىۋەت كەلتۈرمىگەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ.

ئىسپىرت قويۇقلۇقى 0.3% ئەتراپىدا بولغاندا، ئۇ چوڭ مېڭىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر جايىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ چاغدا ئادەمنىڭ سېزىمى ۋە زېھنى ئىنتايىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېخى ھوشى بار ۋاقتىدىمۇ ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى كۆرۈپ، نېمىلەرنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئىسپىرتنىڭ زەھەرلىنىش خاراكتېرلىق دۆتلۈك ھالىتى دېگىنىمىز مانا شۇ.

قاندىكى ئىسپىرت قويۇقلۇقى 0.4 ~ 0.5 بولغاندا كىشى سېزىمىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ شۈك بولۇپ قالىدۇ. بىر ئادەم ئادەتتە ئۆلگىدەك مەس بولغاندا ئەقلى ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىدۇ، نەپەس ئېلىشى قىسقا، رېتىمسىز بولىدۇ. رېفلېكس يوقىلىپ، ئادەم بەدىنىدىكى ئاساسىي مۇھىم يوللارنى ئېتىپ تۇرىدىغان كېڭىيۈچان مۇسكۇللار بوشىشىپ كېتىدۇ. باشقا مۇسكۇللارمۇ بوشىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق ھالەتتە ئادەم مېڭىگە قان چۈشۈش ياكى قۇسۇش ۋە قۇرۇق ھۆ قىلىش بىلەن تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنداق ئۇيقىدا ئادەمنىڭ سېزىمى ئىنتايىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ھەتتا ئۇنداق كىشىنى ئوپېراتسىيە قىلسىمۇ تۇيمايدۇ.

ئەگەر ھوشىنى يوقىتىشتىن ئاۋال تېخىمۇ كۆپ ئىسپىرت ئىچىلسە قاندىكى ئىسپىرت قويۇقلۇقى 0.6 ~ 0.7% يېتىشى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا نەپەسلىنىشنى، يۈرەك سوقۇشنى باشقۇرىدىغان مەركىزى نېرۋا جايلاشقان مېڭە غولى ئۆز رولىنى يوقىتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس.

رىزۋان يۈسۈپ تەرجىمىسى

## نېمە ئۈچۈن گۆش توغراش ماشىنىسىدا توغرالغان قىيمىنىڭ تەمى پىچاقتا توغرالغان قىيمىنىڭكىدەك تەملىك بولمايدۇ؟

گۆش — مۇسكۇل تالالىرى ۋە قوشقۇچى توقۇلما قاتارلىقلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، ھەر بىر تال مۇسكۇل تالاسى، سانسىزلىغان مۇسكۇل ھۈجەيرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسكۇل ھۈجەيرىسىدە بىر قەۋەت نېپىز، ئەمما ئېلاستىك ھۈجەيرە پەردىسى بار. پەردە ئىچىدە سۇ، ئاقسىل، ئامىنو كىسلاتا، مىنېرال ماددىلار، ۋىتامىنلار ۋە ئاز مىقداردا ماي قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلاردىن تەشكىل تاپقان گۆش شىرىسى بار. بۇ ئوزۇقلۇق ماددىلار ھۈجەيرىدىكى سۇدا ئېرىيدۇ ياكى لەيلەيدۇ. گۆشنى پىشۇرغاندا ئۇلاردىن مەزىلىك پۇراق ئاجراپ چىقىپ، ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى كەلتۈرىدۇ.

# قانداق قىلغاندا يېمەكلىك مايدىكى زەھەرلىك ماددىلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

گاۋدالىن

يېمەكلىك ماينى يۇقۇرى تېمپېراتۇرىدا قىزدۇرغاندا، ماي تەركىبىدىكى ۋىتامىن A، كاروتىن، ۋىتامىن E لار بۇزۇلۇشقا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى ماينىڭ مالېكۇلا قۇرۇلۇشىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇنداق ماينى ئادەم ئورگانىزمى ئاسان قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇ خىل مايدا بەدەننى زەھەرلەيدىغان دى پولىمېرلار، پېر ئوكسىدلىق ماددىلار ۋە ئوكسىدسىزلىغۇچى ماددىلار پەيدا بولىدۇ. ياپونىيىنىڭ يۇقۇرى تېمپېراتۇرىدا چۇچۇتۇلگەن ماي ئۈستىدىكى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، يۇقۇرى تېمپېراتۇرىدا چۇچۇتۇلگەن ماي، تەجرىبە قىلىنغان ھايۋاننىڭ جىگەر، ئۆپكە ۋە بۆرەك قاتارلىق ئەزالىرىنىڭ توقۇلمىلىرىنى زەھەرلىگەن. ئادەتتە ئائىلىلەردە ماي چۇچۇتكەن چاغدىكى تېمپېراتۇرا ئانچە يۇقۇرى بولمايدۇ. چۇچۇتۇش ۋاقتىمۇ قىسقا بولىدۇ. شۇڭا ئائىلىدە ماي چۇچۇتكەندە ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىگە چوڭ تەسىرى بولمايدۇ. بۇ خىل يۇقۇرى تېمپېراتۇرىدا چۇچۇتۇش ئادەتتە يېمەكلىك، ئىچىمەكلىك زاۋۇتلىرىدا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. شۇڭا يېمەك-ئىچمەك زاۋۇتلىرىدا ماي چۇچۇتكەندە، ماينى يۇقۇرى تېمپېراتۇرىدا قىزدۇرۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇنداق قىلمىغاندا ماينىڭ قۇرۇلۇشىدا ئۆزگىرىش بولۇپ ئورگانىزىمغا زىيان يەتكۈزىدۇ. تېمپېراتۇرىنى تىزگىنلەپ، ئىشلىتىپ بولغان ماينى قايتا ئىشلىتىشنى ئامال بار ئازايتىپ، كۆپرەك يېڭى ماي ئىشلەتكەندە، مايدا زەھەرلىك ماددا پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

سېرىق ئېچىتقۇ زامبۇرۇغى بىلەن زەھەرلەنگەن ماينى تازىلاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا ئادەتتىكى يېمەكلىك ماي تەركىبىدىكى سېرىق ئېچىتقۇ زامبۇرۇغى زەھەرلىك ماددىسى كىلوگىرام/مىكروگىرام 10 دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، خۇاسىڭ مېيى تەركىبىدىكى سېرىق ئېچىتقۇ زامبۇرۇغى زەھەرلىك ماددىسى، كىلوگىرام/مىكروگىرام 20 دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. سېرىق ئېچىتقۇ زامبۇرۇغى زەھەرلىك ماددىسى، يۇقۇرى تېمپېراتۇرىغا

---

گۆش، گۆش توغراش ماشىنىسىدا توغراپ قىيما قىلىنغاندا، مۇسكۇل ھۈجەيرىلىرى ھەر تەرەپلىمە مىخانىكىلىق سىقىلىشقا ئۇچرايدۇ، شۇڭا، مۇسكۇل ھۈجەيرىسىنىڭ قۇرۇلمىسى تامامەن بۇزۇلۇپ، ھۈجەيرە پەردىسى يىرتىلىپ، ئىچىدىكى گۆش شىرنىسى سىرتقا ئېقىپ كېتىدۇ-دە، قىيمىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار كۆپلەپ خورايدۇ، شۇنىڭ بىلەن گۆشنىڭ يېڭى پېتىدىكى مىزىلىك تەمى يوقىلىدۇ. پىچاقتا توغرالغان قىيما ئۇنىڭغا تامامەن ئوخشىمايدۇ. بۇ جەرياندا، مۇسكۇل تالالىرى ئۇچرايدىغان مىخانىكىلىق سىقىلىش تەكشى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسكۇل ھۈجەيرىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش دەرىجىسىمۇ روشەن ھالدا ئاز بولغانلىقتىن، قىيما يەنىلا گۆش شىرنىسىنى مۇقىم ساقلاپ تۇرالايدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭ تەمى گۆش توغراش ماشىنىسىدا توغرالغان قىيمىنىڭ تەمىدىن مىزىلىك بولىدۇ.

تاجىگۈل ئادىل تەرجىمىسى

# نافتالىننىڭ يوشۇرۇن ئاپىتىگە سەگەك بولۇڭ

جۇبىڭچۈەن

نافتالىنلىق كۈيە دورىسىنىڭ ئاساسىي تەركىبى نافتالىندىن ئىبارەت. نافتالىن — نېفىت ياكى تاش كۆمۈر مېيىنى ئايرىشتىكى ئارىلىق مەھسۇلاتتىن ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ. ئۇ زىيانلىق ھاشارەتلەرنى ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بىراق دىققەت قىلىنمىغاندا ئادەم ئورگانىزمىغىمۇ ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدۇ.

داۋاملىق نافتالىن بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغاندا، ئۇ جىگەرنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ. كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىپ قۇستۇرىدۇ. كىچىك بالىلار ئۇنىڭدىن ئىككى گىرام يەپ سالسا دەرھال ئۆلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنى ئىشلىتىشتە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

1) ئائىلىدە نافتالىنلىق كۈيە دورىسى ئىشلەتكەندە، ئۇنى قەغەز ياكى لاتىغا چىڭ ئوراپ ساندۇققا سېلىپ قويۇش كېرەك. ھەرگىز قول بىلەن تۇتۇشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ كىچىك بالىلار ئويناپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

2) نافتالىنلىق كۈيە دورىسىنى يېمەكلىك نەرسىلەر قويۇلغان ئورۇنغا يېقىن كەلتۈرمەسلىك، شۇنداقلا نافتالىن بىلەن بولغانغان يېمەكلىكلەرنى قەتئىي يېمەسلىك كېرەك.

ئەڭ ياخشىسى نىسبەتەن ئىشەنچلىك بولغان ھاشارەت ئۆلتۈرگۈچ دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. مەسىلەن: كامپۇرالىق كۈيە دورىسى نىسبەتەن ياخشى بولۇپ، ئۇ تەبىئىي كامپۇرا بىلەن ئىسكىپىدار خام ئەشيا قىلىنىپ ياسالغان. ئۇنىڭ ھاشارەت ئۆلتۈرۈش ئۈنۈمى ياخشى بولۇپلا قالماي، بەلكى سىنتىزتالالىق نەرسىلەرگىمۇ زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئادەم ئورگانىزمىغىمۇ ھېچقانداق زىيىنى يوق.

مەتتىمىن بۇرھان تەرجىمىسى

## مايدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنى ئىسسىق پېتى يېگەندە نېمە ئۈچۈن ئېغىز بوشلۇقىدا قاپارتما پەيدا بولىدۇ؟

ئادەم ئېغىز بوشلۇقىنىڭ يۇقۇرى تاڭلاي ۋە قوۋۇز قىسمىدا نېپىز ئەمما يۇمشاق بىر قەۋەت يېپىشقاق پەردە بولىدۇ. يېپىشقاق پەردىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە زىچ توپلانغان ئۇششاق قان تومۇرلار، ئۇششاق شۆلگەي بەزلىرى ۋە شالاڭ يۇمشاق بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىلار بار. مايدا پىشۇرۇلغان تاماقلارنى ئىسسىق پېتى يېگەندە، ئېغىز بوشلۇقىدىكى يېپىشقاق پەردە ئىسسىقلىقنىڭ تۇيۇقسىز غىدىقلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئىسسىقلىق ئېغىز بوشلۇقىدىن سىرتقا چىقىپ كېتەلمىگەچكە، يېپىشقاق پەردە ئاستىدىكى ئۇششاق قان تومۇرلار ئاسانلا كۆپۈپ يېرىلىپ قان چىقىدۇ - دە، ئېغىز بوشلۇقىنىڭ يېپىشقاق پەردىسىدە قاپارتما پەيدا بولىدۇ. بەك قىزىق شورپا ياكى چاي ئىچكەندىمۇ يۇقۇرقىدەك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. ئېغىز بوشلۇقىدىكى يېپىشقاق پەردىدە قاپارتما پەيدا بولغاندا، ياللۇغلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنى ھەرگىز ئۆز مەيلىچە يېرىۋەتمەسلىك لازىم. قاپارتما 3 — 4 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزلىكىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ.

# سۇلياۋ تۇڭغا بېنزىن قاچىلىسا بولامدۇ

سۇلياۋ تۇڭغا بېنزىن قاچىلىسا ئوت ئاپە-
تى يۈز بېرەمدۇ - قانداق؟ يۈز بەرسە قان-
داق ئالدىنى ئېلىش كېرەك؟ دىگەن مەسىلە-
لەر ناھايىتى كۆپ كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدى-
غان مەسىلىلەر بولۇپ قالدى. بۇ مەسىلىلەر-
گە قارىتا چەتئەللەردە بەزى كىشىلەر تەقلىت
خاراكتېرلىق تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ تۆۋەن-
دىكىدەك سانلىق مەلۇماتقا ئېرىشكەن: ①
قاچىلاۋاتقاندا بېنزىن زەرەتلىرىنىڭ ئېلېكتېر
پوتېنسىيالى بىلەن بېنزىن قاچىلىنىش مىقدا-
رى ئوڭ تاناسىپ بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى بول-
غاندا 300 ۋولتقا يەتكەن. ② تۇڭنىڭ
يېرىمىغىچە قاچىلاپ ئۇنى داۋالغۇتقاندا، بېنزىننىڭ
ئەڭ يۇقىرى ئېلېكتېر پوتېنسىيالى 400 ۋولتتىن
ئاشمىسا، يەنى ئېلېكتېر پوتېنسىيالى تۆۋەنرەك
بولسا، زەرەتنى يەرگە قويۇۋېتىپ ئادەتتە ئوت
ئاپىتى يۈز بەرمىگەن. ③ ئىش كىيىمى پولى ئې-
تىلىن سۇلياۋ تۇڭغا سۈركەلسە ناھايىتى يۇقىرى
ئېلېكتېر پوتېنسىيالىنى پەيدا قىلىدۇ، مەسىلەن،
ۋېينىلۇن ئىش كىيىمگە سۈركەلسە ئېلېكتېر
پوتېنسىيالى 30 مىڭ ۋولتقا؛ كاپرون كۆي-
نەككە سۈركەلسە 20 مىڭ ۋولتقا يەتكەن.
پولى ئېتىلىننىڭ قارشىلىقى ناھايىتى يۇقىرى
بولغانلىقتىن ($4.5 \times 10^{16}$ Ω·cm)، زەرەت-
لەنگەندىكى زەرەتنى ناھايىتى تېز قويۇۋەتمەس-
لىكى مۇمكىن، شۇڭا، سۇلياۋ تۇڭنى قولدا
تۇتۇپ تۇرۇپ بېنزىن قاچىلىغاندا زەرەت
قويۇپ بېرىپ ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشى مۇمكىن.

تەقلىت خاراكتېرلىق بۇ تەجرىبە شۇنى
چۈشەندۈردىكى، ئەگەر سۇلياۋ تۇڭنى كۆتىرىپ
تۇرۇپ بېنزىن قاچىلاشتىن بۇرۇن، تۇڭنىڭ
سىرتىدىكى ماي قالدۇقلىرى قايتا - قايتا
سۈرتىۋېتىلسە ياكى مىڭىۋاتقاندا قولدىكى تۇڭ
كىيىمگە سۈركەلسە، سۇلياۋ تۇڭ ناھايىتى
يۇقىرى ئېلېكتېر پوتېنسىيالغا ئىگە بولۇشى مۇم-
كىن (ھاۋا قانچە قۇرغاق بولسا پەيدا
بولىدىغان ئېلېكتېر پوتېنسىيالمۇ شۇنچە
يۇقىرى بولىدۇ). بۇ خىل يۇقىرى ئېلېكتېر
پوتېنسىياللىق تۇڭغا بېنزىن قاچىلىغاندا،
بېنزىنمۇ يۇقىرى ئېلېكتېر پوتېنسىيالغا ئىگە
بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زەرەتلەنگەن سۇلياۋ
تۇڭنىڭ ئىچكى دىۋارلىرى (تۇڭ ئېغىزىنىڭ
ئىچكى قىرغاقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)
ياكى بېنزىن يۈزى بىلەن تۇڭغا كىرگۈزۈل-
گەن مېتال ۋارونكا ياكى بېنزىن چىقىرىشتا
ئىشلىتىلىدىغان مېتال ئەسۋابنىڭ بېنزىن
چىقىش ئېغىزى ئوتتۇرىسىدا ئوت چاقناپ
زەرەت قويۇپ بېرىپ بېنزىنغا ئوت كېتىشى
مۇمكىن.

يۇقىرقى تەجرىبىدىن شۇنداق خۇلاسە
چىقارغىلى بولىدۇكى، سۇلياۋ تۇڭغا بېنزىن قا-
چىلاشقا بولىدۇ، لېكىن، بىخەتەرلىككە ئالا-
ھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. 1. تۇڭنى
كىيىمگە سۈركىمەسلىك لازىم؛ 2. بېنزىننى
ئاستا قاچىلاش لازىم؛ 3. بېنزىننى داۋالغۇت-
ماسلىق كېرەك؛ 4. ئامال بار مېتال ۋارونكا

---

چىدامسىلىق كېلىدۇ. ئۇ ئىشقاردىن قورقمىدۇ.
شۇڭا سانائەتتە ئىشقار ئارقىلىق تازىلاش
ياكى ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كاۋلىن تۇپرىقىغا
شۈمۈرتۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بۇ خىل زە-
ھەرلىك ماددىنى تازىلىۋېتىدۇ. قويۇقلۇقى

تۆۋەن بولغان سېرىق ئېچىتقۇ زامبۇرۇغى
زەھەرلىك ماددىسىنى ئولترا بىنەپشە نۇر
ئارقىلىق بۇزۇپ تاشلاشقىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل
زەھەرلەنگەن ماينى ئاپتاپقا قاخلاش ئارقى-
لىقمۇ مەلۇم دەرىجىدە زەھەرىنى قايتۇرۇشقا بولىدۇ.

# تۇخۇم سېرىغى يېسە، ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى ئاشىدۇ

تۇخۇم سېرىغى تەركىۋىدە مول خولىن بولۇپ، بۇ خىل ماددا مېڭە تومۇلىسىدىكى سىركە كىسلاتاسى بىلەن رېئاكسىيىلىشىپ، ئاتسېتىل خولىننى ھاسىل قىلىدۇ. ئاتسېتىل خولىن نېرۋا سىستېمىسىدا ئىنفورماتسىيە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بىر خىل خىمىيىلىك ماددا بولۇپ، مېڭىدە ئاتسېتىل خولىن قانچە كۆپ بولسا، ئىنفورماتسىيە يەتكۈزۈپ بېرىش سۈرئىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ھەمدە مېڭە پوستىلاق قەۋىتىدە قالدۇرغان تەسىرىمۇ شۇنچە چوڭقۇر بولۇپ، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىمۇ، ئۈنۈمىمۇ شۇنچە ياخشى بولىدۇ. شۇڭا ئۇنۇتقاق بولۇپ قالغان قېرى ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر تۇخۇم سېرىغىنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلسا، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشقا پايدىسى بار. چەتئەللىك بىر كىشى مۇنداق سىلىشتۇرما تەجرىبە ئىشلىگەن، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى يۇقىرى ۋە ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان ئىككى كىشىگە بىر ۋاقىتتا بەلگىلىك مىقداردا تۇخۇم سېرىغى يېگۈزگەن. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئاۋالقىسىنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى يەنىلا شۇنداق، كېيىنكىسىدە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىش بولغان.

بۇنىڭدىن تۇخۇم سېرىغى ئارقىلىق ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش بىر خىل ئۈنۈملۈك ياخشى ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

پاتىمە ياقۇپ تەرجىمىسى

---

ئىشلەتمەسلىك لازىم: 5. بېنزىن قاچىلاش جەريانىدا قولنى (مېتال سايمانلارنىمۇ) تۇڭنىڭ ئېغىزىغا يېقىنلاتماسلىق لازىم. بىز زەرەت پەيدا بولۇشنى ئامال بار ئازايتقىنىمىزدىلا ھەمدە زەرەتنىڭ ئۇچقۇن چىقىرىپ توك قويۇپ بېرىلىشىدىن ساقلانساقلا، سۇلياۋ تۇڭغا بېنزىن قاچىلىغاندا زەرەت پەيدا قىلىدىغان ئوت ئاپىتىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

سۇلياۋ تۇڭغا قاچىلىغان بېنزىننى قولدا ئېلىپ يۈرۈشكە بولىدۇ، لېكىن ئۇنى تىراكتوردا توشۇش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى توشۇش جەريانىدا بېنزىن ھەر تەرەپكە داۋالغۇپ سۈركىلىپ، زەرەت ھاسىل قىلىپ قويىدۇ. سۇلياۋ تۇڭدىن توك ئۆتمەيدىغان بولغاچقا، سۈركىلىش جەريانىدا ھاسىل بولغان زەرەتلەر يەرگە ئۆتۈپ كېتەلمەي، بارغانسېرى يىغىلىپ مەلۇم ئېلېكتىر بېسىمى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئېلېكتىر ئۇچقۇنلىرىنى پەيدا قىلىپ بېنزىنغا تۇتىشىپ پارتلايدۇ. تىراكتورغا سىلىركا ئىشلىتىلىدۇ. سىلىركىنىڭ ئىشلەش سىقىلىشچانلىقى يۇقىرىراق بولۇپ، كۆيگەندىن كېيىنكى ئىس چىقىش تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە $300C^{\circ}$ تىن يۇقىرى، بولۇپمۇ سىلىركا تەركىۋىدە ئورگانىك ماددا كۆپ بولغاچقا، كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن سىلىندىر ئىچىگە يىغىلىدىغان كۆيەمۇ كۆپ بولىدۇ، بۇ كۆيەلەرگە سىلىندىر ئىچىدە ئوت تۇتىشىپ، ئوت ئۇچقۇنى ھالىتىدە گاز چىقىرىش تۇرۇبىسى ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ. بېنزىن بولسا يۇقىرى پارلىنىشچان ماددا بولۇپ، ئوت ئېلىش نۇقتىسى تۆۋەن. ھاۋادا پارلانغان بېنزىن مالېكۇلىلىرى ئوت ئۇچقۇنىغا ياكى يۇقىرى ھارارەتلىك گاز چىقىرىش تۇرۇبىسىغا يولۇقسا، ناھايىتى ئاسانلا ئوت ئېلىپ كېتىپ ئوت ئاپىتىنى پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا، تىراكتوردا سۇلياۋ تۇڭغا قاچىلانغان بېنزىننى توشۇش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

ئابدۇنەيىم مىجىت تەرجىمىسى

# ئارىستوتىل

**(مىلادىدىن ئىلگىرى 384 — 322 يىللار)**

ئارىستوتىل گىرىتسىيىنىڭ ستاگىرا شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى تەربىيە كۆرگەن كىشى بولۇپ، ئىمپىراتور ئالېكساندىر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن)نىڭ بوۋىسىنىڭ دوختۇرى ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ياخشى تەربىيىگە ئېرىشىشىگە ھەقىقەتەنمۇ كۈچ چىقارغان.

ئارىستوتىل 17 ياشقا كىرگەندە ئافىناغا ئەۋەتىلگەن ھەمدە گىرىتسىيىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى پىلاتوندىن ئىلىم ئېلىشقا باشلىغان.

ئارىستوتىل پىلاتوننىڭ ھەممە نەمىسىنى بىردەك قوللاپ كەتمىگەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشنى، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشنى، ئىزدىنىشنى ۋە تەتقىق قىلىشنى خالايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ، جانلىقلار دۇنياسىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ، ھەقىقىي ئىلىم - پەن قائىدىلىرىنى قوللىنىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ بەزى كىشىلەرنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئەۋەتىپ ئەۋرىشكە يىغدۇردى ۋە ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ رەتلىدى ھەمدە بارلىق ئالىملار بىلەن ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى ۋە ھايۋاناتلار دۇنياسىغا ئالاقىدار ھەر خىل بىلىملەرنى ئىگەللىدى.

ئۇ، ئالېكساندىرنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. كېيىن ئالېكساندىر ئىمپىراتور بولدى. ھەم ئارىستوتىلنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، تەجرىبە خىزمەتلىرىنى ئىشلىشىگە ئىقتىسادى جەھەتتىن ياردەم بەردى.

فىزىكا جەھەتتە، ئارىستوتىل ئۆزىنى دۇنيا بويىچە نوپۇزلۇق دەپ ھساپلايتتى. ۋاھالەنكى، ئۇ بۇ ساھەدىكى ھېچقانداق تەجرىبە خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانمىغان. ئۇ پەقەت ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق فىزىكىلىق ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئىدى. مەسىلەن، ھۆل ياغاچنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرگەندە ياغاچتىن پىژىلداپ سۇ چىققانلىقى، ئىس كۆتىرىلگەنلىكىنى، ياغاچقا ئوت تۇتاشقانلىقىنى ۋە ئەڭ ئاخىرى ئۇنىڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانلىقىنى كۆزەتكەن.

شۇڭا، ئۇ ئالەمدە چوقۇم بەش خىل ئېلېمېنت بار: ئوت، سۇ، تۇپا (كۈل)، گاز (ئىس)، بەشىنچى خىل ئېلېمېنت ئاسمان جىسىملىرىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىل بولۇپ، بىر خىل مەڭگۈ يوقالماس ئېلېمېنت، دىگەن يەكۈننى چىقارغان.

ئۇ، ئاسمان جىسىملىرى چەمبەر بويىچە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، چەمبەر ھەممىدىن مۇكەممەل شەكىل دىگەن. نەچچە ئەسىردىن كېيىن، جونىس كېپلېر ( 1630 — 1571 )پىلانېتلارنىڭ ئايلىنىش ئوربىتىسى چەمبەرسىمان بولماستىن، بەلكىم ئېللىپىس شەكلىدە ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئەمما شۇ چاغدىكى ئالىملار بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن ئىدى.

## „ئالىملار ھەققىدە“

بۇ تەلىماتقا قارىتا، خۇددى ئۇنىڭ باشقا تەلىماتلىرىغا ئوخشاشلا، شۇ چاغدىكى ئالىملار ئۇلۇغ ئارىستوتېلنىڭ خاتالاشقانلىقىغا ئىشەنمىگەن ئىدى. ئارىستوتېلغا بولغان بۇنداق قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، ئوخشىمىغان دەرىجىدە بىر يېرىم ئەسىر داۋاملاشقان.

ئارىستوتېل، جىسىم ئېغىر بولغانسېرى، ئۇنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشى شۇنچە تېز بولىدۇ، دەپ يازغان. ئۇ پەقەت بىر تال يوپۇرماق بىر پارچە تاشتىن ئاستا چۈشىدۇ، دېگەننىلا بىلگەن، خالاس. ئۇ ئاۋارىچىلىقتىن قېچىپ، ئېغىرلىقى ئوخشاش بولمىغان ئىككى پارچە تاشنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈش سۈرئىتىنىڭ ئوخشاش ياكى ئوخشاش ئەمەسلىكىنى تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېقىشنى خالىمىغان. ئۇ، ئېغىرراق جىسىمنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشى ماس ھالدا تېز بولىدۇ، بۇ توغرا، دەپ قارىغان. ئۇ، بۇ سەپسەتىنى ئوقۇغۇچىلىرىغىمۇ ئۆگەتكەن.

ئارىستوتېل مۇشۇنداق نۇرغۇن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن. ئەمما ئالىملار ئۇنىڭ بايانلىرىدىن ھەرگىزمۇ گۇمانلانمىغان. ئەگەر ئالىملاردىن بىرەرسى، ئارىستوتېلنىڭ خاتالىقىدىن گۇمان قىلىشقا جۈرئەت قىلسا، شۇ كىشى دائىم ئالىملارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان ئىدى.

ئارىستوتېل 1000 — 400 پارچىغىچە كىتاب يازغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر مەزگىل 1000 كىشى ئۇنىڭ بىئولوگىيىگە ئائىت ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەش ئۈچۈن ياردەملەشكەن. بۇ كىتابلارنىڭ قانچىلىكىنى ئۆزى يازغان، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. بەلكىم بىر قىسمىنى ئۆزى يازغاندۇ، يەنە بىر قىسمىنى بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەكشۈرگۈچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ماتېرىياللارنى توپلاپ، پۈتتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئارىستوتېلنى ئالاھىدە ماختاشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ خېلىلا قىممىتى بار.

ئابدۇكۆرەش ئېلى تەرجىمىسى

## سەرەڭگە قانداق كەشپ قىلىنغان

19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيىلىك خىمىيە ئالىمى جون. يوك بىر خىل ئوۋمىلىتىشقا ئىشلىتىدىغان ئوت ئالغۇچ دورىنى سىناپ ياسىماقچى بولۇپ مېتال سۈرمە بىلەن كالىي ئىشقارلىق بىرىكمىلەرنى بىر يەرگە تۆككەندىن كېيىن بىر تال تاياقچە بىلەن بۇ بىرىكمىلەرنى ئارىلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تاياقنىڭ بىر ئۇچىغا مېتال سۈرمە ۋە كالىي ئىشقارلىق بىرىكمىلەرنىڭ ئارىلاشمىسى چاپلىشىپ قالىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ تاياقنىڭ ئۇچىغا چاپلىشىپ قالغان ئارىلاشمىنى چىقىرىۋەتمەكچى بولۇپ يەرگە سۈركەيدۇ. نەتىجىدە «ۋاششىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئوت يانىدۇ. دۇنيادىكى سەرەڭگىلەرنىڭ بىرىنچى تېلى مانا مۇشۇنداق دۇنياغا كەلگەن.

بۇ مەقسەتسىز ھاسىل بولغان كەشپىيات جون. يوكنى ناھايىتى خوشاللاندۇرۇۋېتىدۇ - دە، ئۇ، مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە سەرەڭگە ياساشقا باشلايدۇ. 1827 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جون. يوكنىڭ ياساپ چىققان بىرىنچى قاپ سەرەڭگىسى سېتىلىدۇ.

قادىر توختى تەرجىمىسى

# ئېلېكترونلۇق قول سائىتى ھەققىدە سوئال-جاۋاپلار

شى خۇبياۋ

## ئېلېكترونلۇق قول سائىتىنى قانداق توغرا ئىشلىتىش كېرەك؟

بۇ يەردە 5 خىل ئىقتىدارلىق ۋە 6 خىل ئىقتىدارلىق ئېلېكترونلۇق قول سائىتىنى مىسال كەلتۈرىمىز. قول سائىتى ئادەتتە «سائەت، مىنۇت»نى كۆرسىتىش ئاساسىي ھالىتىدە بولىدۇ. ئوتتۇرىدىكى قوش چېكىت ھەر سېكۇنتتا بىر قېتىم چاقنايدۇ. ئاي كۈننى كۆرۈشكە توغرى كەلگەندە $S_1$ يېنىك بېسىلسا، ئاي ۋە كۈن كۆرۈنىدۇ، $S_1$ كونۇپكىسىنى قويۇۋېتىپ ئىككى سېكۇنتتىن كېيىن، «سائەت، مىنۇت»نى كۆرسىتىش ئاساسىي ھالىتى ئاپتوماتىك ھالدا ئەسلىگە كېلىدۇ. سېكۇنتنى كۆرۈشكە توغرى كەلگەندە، ئىككى سېكۇنت ئىچىدە $S_1$ ئۇدا ئىككى قېتىم بېسىلسا، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىۋاتقان سېكۇنت سانى كۆرۈنىدۇ. ئەگەر «سائەت، مىنۇت»نىڭ كۆرۈنۈشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە توغرى كەلگەندە، $S_1$ بىر قېتىم بېسىلسىلا كۇپايە قىلىدۇ.

قاراڭغۇدا ۋاقىتقا قاراشقا توغرا كەلگەندە، $S_3$ بېسىلىپ كىچىك لامپا يورۇتۇلىدۇ. قول سائىتى نورمال ئەھۋالدا، $S_2$ نى بېسىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

## ئاي، كۈن، سائەت، مىنۇت، سېكۇنت قالايمىقانلىشىپ كەتسە قانداق تەڭشەش كېرەك؟

ئاينى تەڭشەش «سائەت، مىنۇت» كۆرۈنۈش ئاساسىي ھالىتىدە، ئۇچلۇق جىسىم (مەسىلەن، يوەنجۇبىي قەلەمنىڭ ئۇچى، يىڭنە مىق، سەرەڭگە ياغىچى قاتارلىق) بىلەن $S_2$ ئىككى قېتىم بېسىلسا، يەنى ئاي كۆرۈنىدۇ، ئاندىن كېيىن $S_1$ بىر قېتىم بېسىلسا، ئاي بىر قېتىم ئالمىشىدۇ. بۇنى تەڭشەش ئېھتىياجلىق بولغان ئايغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

سائەتنى تەڭشەش كۈن توغرىلانغاندىن كېيىن، $S_2$ بىر قېتىم بېسىلسا، سائەت كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوڭ تەرەپتە «A» ھەرپى كۆرۈنىدۇ (ئېنگلىزچە «چۈشتىن بۇرۇن» نىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى) ياكى «P» ھەرپى كۆرۈنىدۇ (ئېنگلىزچە «چۈشتىن كېيىن» نىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى). ئاندىن كېيىن $S_1$ بىر قېتىم بېسىلسا، سائەت بىر قېتىم ئالمىشىدۇ (12 گە تەڭشەلگەندە A بىلەن P ئۆز ئارا ئالمىشىدۇ) بۇ تاكى ئېھتىياجلىق بولغان سائەت ۋە چۈشتىن بۇرۇن، چۈشتىن كېيىن توغرىلانغىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

مىنۇتنى تەڭشەش. سائەتنى تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن، $S_2$ بىر قېتىم بېسىلسا، مىنۇت كۆرۈنىدۇ. ئاندىن كېيىن $S_1$ ھەر قېتىم بېسىلسا، مىنۇت بىر قېتىم ئالمىشىدۇ. بۇ ئۆلچەملىك ۋاقىتتىن بىر مىنۇت تېز بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بۇ چاغدا سائەت مېخانىزىمى ئىچ-

**ئەتىراپىمىزدا**

كى قىسمىدا سېكۇنت خاتىرلەشنى توختىتىدۇ. سېكۇنت سانى ئاپتوماتىك ھالدا نۆلگە قايتىدۇ.

سېكۇنتنى تەڭشەش. مىنۇت تەڭشىلىپ بولغاندىن كېيىن $S_2$ يەنە بىر قېتىم بېسىلسا، «سائەت، مىنۇت»نىڭ ئاساسىي كۆرۈنۈش ھالىتىگە قايتىدۇ، بۇ چاغدا قوش چېكىت كۆرۈنمەيدۇ. سېكۇنت يەنىلا خاتىرلىنىۋېرىدۇ. ئۆلچەملىك ۋاقىتنى خاتىرلەش تاماملىنىپ ئەڭ ئاخىرقى بىر سېكۇنتقا كەلگەندە (رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئۆلچەملىك ۋاقىت سىگنالىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر سىگنالى) $S_2$ بىر قېتىم بېسىلسا، سېكۇنت نۆلدىن باشلاپ ۋاقىت خاتىرلەيدۇ، قوش چېكىتمۇ ئوخشاش بىر ۋاقىتتا كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، تەڭشەش ئۇسۇلى بىر قەدەر مۇرەككەپ كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئاي، كۈن، سائەت، مىنۇت، سېكۇنت تەرتىۋى بويىچە، ئالدى بىلەن $S_2$ بېسىلىپ ئاندىن $S_1$ بېسىلسا، بىر قانچە قېتىم ئەمىلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى تېزلىكتە ئىگەللىۋالغىلى بولىدۇ. بەلكى ئادەتتىكى ئەھۋالدا بۇنداق مۇرەككەپ تەڭشەشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. ئادەتتە بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، مىنۇت، سېكۇنتنى بىر قېتىم تەڭشىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ھەر يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە ئۆتىدىغان ۋاقىتتا، ھەمدە تۆت يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان ئارتۇق ئايغا توغرا كەلگەندە، ئاندىن بىر قېتىم تەڭشەش زۆرۈر بولىدۇ.

## قانداق قىلغاندا سائەت باتارېيىسىنى تېجەپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟

ئالتۇن قۇشقاچ (金雀) ماركىلىق ئېلېكترونلۇق ئەرلەر سائىتىدىكى باتارېيىنىڭ ئۆمرى ئادەتتە ئىككى يىل ئەتراپىدا بولىدۇ. ئاياللار سائىتى باتارېيىسىنىڭ ئۆمرى بىر يىل ئەتراپىدا بولىدۇ. كىچىك يورۇتۇش لامپىسىنى ئىشلەتكەندە سەرپ بولىدىغان توك مىقدارى بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ. كىچىك يورۇتۇش لامپىسىنى بىر سېكۇنت يورۇتۇش ئۈچۈن كەتكەن توك مىقدارى سائەت مېخانىزمىسى بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئىشلەتكەن توك مىقدارىغا تەڭ بولىدۇ. شۇڭلاشقا يورۇتۇش لامپىسى ئاز ياندۇرۇلسا، باتارېيىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ.

توكنى ئىقتىسات قىلىش مەقسىدىدە ئەگەر يورۇتۇش لامپىسىنى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا، ئارقا قاپقىقىنى ئېچىپ، سائەت مېخانىزمىنى چىقىرىپ، سائەت قېپى ئىچىدىكى $S_3$ كونۇپكىسىنىڭ ئۇچىغا دىئامېتىرى 2 مىللىمېتىر ئەتراپىدىكى چەمبەر شەكىللىك دېلۇن جىاۋبۇ (توكچى ئىشلىتىدىغان ئىزولياتسىيىلىگۈچى رەخت) چاپلانسا، ياكى مېخانىزمىدىكى $S_3$ كونۇپكىسى بىلەن تۇتىشىدىغان مىس پىلاستىنكىغا بىر دېلۇن رەخت چاپلانسا بولىدۇ. دېلۇن رەخت چاپلاپ بولۇنغاندىن كېيىن، سائەت مېخانىزمى قاچىلىنىپ، ئارقا قاپقىقى يېپىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن $S_3$ بېسىلغان تەقدىردىمۇ يورۇتۇش لامپىسى يانمايدۇ.

## نېمە ئۈچۈن سۇيۇق كرىستال ئېكرانىدىكى رەقەم بەزىدە ئېنىق بەزىدە غۇۋا بولىدۇ؟

ئېلېكترونلۇق قول سائىتىدە رەقەملەر غۇۋا كۆرۈنسە، بەزىدە ئېنىق بەزىدە غۇۋا كۆرۈنسە، بۇ ھال باتارېيىنىڭ كونىراپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ چاغدا يورۇتۇش لامپىسىمۇ قىزغۇچ يانىدۇ. يېڭى باتارېيىنىڭ ئېلېكتر بېسىمى 1·55 ~ 1·50 ۋولت بولۇشى شەرت، باتارېيىنىڭ ئېلېكتر بېسىمى 1·45~1·20

ۋولتقا چۈشۈپ قالسا، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغاندەك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى بۇ ئېلېكتىر بېسىمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىلەن كۋارتس تەۋرىنگۈچىنىڭ تەكرارلىقىنىڭ تۇراقلىق بولماسلىقى ھەمدە سۇيۇق كىرىستال ئېكرانىنىڭ نورمال ئىشلىشىگە تەسىر يەتكەنلىكتىن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، باتارىيە ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىتىلمىسۇ ئېلېكتىر بېسىمى تېزلىكتە 1.20 ۋولتتىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ-دە، سۇيۇق كىرىستال ئېكرانىدا كۆرۈنۈش توختايدۇ.

بۇ چاغدا يېڭى باتارىيە ئالماشتۇرۇش ياكى كونا باتارىيىنى زەرەتلەش كېرەك.

## ئېلېكترونلۇق قول سائىتى سۇغا چىلىنىپ كەتسە ياكى نەملىشىپ قالسا قانداق قىلىش كېرەك؟

كۋارتس سۇيۇق كىرىستاللىق پۈتۈن ئېلېكترونلۇق قول سائىتى ئەينىكى سائەت قېپىغا يەملەنگەن بولۇپ، ئارقا قاپقىقى بېسىپ كىرگۈزۈش شەكىللىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ سۇدىن ساقلىنىش ئىقتىدارى ناچار بولىدۇ. سائەت مېخانىزمى ئىچىگە ھور ياكى سۇ كىرىپ كەتكەنلىرىدىن يېنىكلىرىنىڭ قۇۋۋەت سەرپىياتى كۆپىيىدۇ، ئېغىرلىرىنىڭ بولسا سۇيۇق كىرىستال ئېكرانىدا رەقەم كۆرۈنمەيدۇ.

نۆۋەتتە بازارلاردا سېتىلىۋاتقان ئالتۇن ئاچقۇچ (金雀) ماركىلىق ئېلېكترونلۇق قول سائىتىنىڭ كونديېساتور ھەمدە زەنجىر تاختىسىغا نەملىكتىن ساقلىغۇچى ئىزولياتسىيىلىك سىر سۈركەش، ئارقا قاپقاق ئىچىگە رېزىنكا چەمبەر قويۇشتەك تېخنىكىلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، نەمدىن ساقلىنىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلگەن.

ئەگەر قول سائىتى سۇغا چىلىنىپ كەتسە ياكى ئىچىگە ھور كىرىپ كەتسە، ئارقا قاپقىقىنى ئېچىپ كۈچلۈك قۇياش نۇرى ياكى ئېلېكتىر چىرىغى قاتارلىق 60°C تىن تۆۋەن بولغان ئىسسىقلىق مەنبەلىرىگە قاقلاش ئارقىلىق قۇرۇتۇش كېرەك.

## ئېلېكترونلۇق قول سائىتىنى قانداق ئاسراش كېرەك؟

يۇمشاق رەخت بىلەن سائەت قېپى ئۈستىدىكى كىر ۋە تەرلەرنى دائىم سۈرتۈپ تۇرۇش، يىرىك - ئۇچلۇق جىسىملارنىڭ سائەت قېپىغا ۋە يۈزىگە سۈركىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

ئەگەر سائەت ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىلمىسە، باتارىيە ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ ئېقىپ چىقىپ سائەت زاپچاسلىرىنى چىرىتىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، باتارىيىنى چىقىرىۋېلىش شۇنداقلا قول سائىتىنى ۋە باتارىيىنى قۇرغاق جايدا قويۇش لازىم.

قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئېلېكترونلۇق قول سائىتى ئەينىكىنىڭ ئاستىغا بىر گۇرۇپپا ئۈنۈمى يۇقۇرى كىرىمنىي قۇياش ئېنېرگىيىسى باتارىيىسى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇ تۈرلۈك يورۇقلۇق مەنبەلىرىگە نىسبەتەن ناھايىتى سەزگۈر بولىدۇ. تۈرلۈك نۇر (قۇياش نۇرى، كۈن نۇرلۇق لامپىنىڭ نۇرى)نىڭ نۇرى چۈشۈش بىلەن، سائەت مېخانىزمى ئىچىدىكى باتارىيىنى زەرەتلىگىلى، باتارىيىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۆمرىنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ. ئەگەر ھاۋا ئوچۇق بولغان كۈنلەردىكى قۇياش نۇرى سائەت يۈزىگە 10 مىنۇت چۈشسە، باتارىيىگە زەرەتلەنگەن ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى بىلەن سائەت مېخانىزمىنى نەچچە 10 سائەت ھەركەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. لېكىن قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، بولمىسا باتارىيىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ قويىدۇ. قۇياش نۇرىدا زەرەتلەش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى، سائەت مېخانىزمى ئىچىدىكى يورۇتۇش لامپىسىنىڭ يورۇش دەرىجىسىگە قاراپ كونترول قىلىشقا بولىدۇ. يورۇتۇش لامپىسى قىزغۇچ يانسا، داۋاملىق زەرەتلەشكە بولىدۇ؛ يورۇتۇش لامپىسى ئاق يانغاندا زەرەتلەشنى توختىتىش كېرەك.

ياقۇپ رۇستەم تەرجىمىسى

# نېمە ئۈچۈن بەزى قۇياش نۇرلۇق لامپىلاردا بىر دانە تامچىسىمان سىماپ شارچىسى بولىدۇ؟

فەن شياۋگاۋ

بەزى قۇياش نۇرلۇق لامپىلارنىڭ نەيچىسىدە بىر دانە تامچىسىمان سىماپ شارچىسىنى ئۇچرىتىمىز. ئۇ، لامپا ئىچىدە ئىختىيارى ھەركەتلىنىپ تۇرىدۇ، بۇنداق ھادىسە لامپا دەسلەپ يورۇتۇلغاندا روشەن كۆرۈلىدۇ.

قۇياش نۇرلۇق لامپىلارنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، قۇياش نۇرلۇق لامپىنىڭ ئىچىگە ئاز مىقداردا ئىنېرتلىق گاز ۋە ناھايىتى ئاز مىقداردا سۇيۇق ھالەتتىكى سىماپ قاچىلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئېلېكتىر مەنبەسى ئۇلانغاندىن كېيىن لامپا ئىچىدىكى سىماپ پارلىرىنىڭ زەررەت قويۇپ بېرىشى بىلەن ئۇلترا بىنەپشە نۇر تارقىتىشقا باشلايدۇ. بۇ نۇر، لامپىنىڭ ئىچكى دىۋارلىرىغا يالىتىلغان فلۇئورېتسېيىلىك ماددا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن فلۇئورېتسېيىلىك تەسىر نەتىجىسىدە كۆرۈنىدىغان نۇر تارقىلىدۇ. ئەگەر لامپا نەيچىسىگە قاچىلانغان سىماپ مىقدارى ئاز بولۇپ قالسا، يالتىراش تولۇق بولمايدۇ. قاچىلانغان سىماپ مىقدارى كۆپ بولۇپ كەتسە، لامپا ئىچىدىكى سىماپنىڭ تويۇنۇشى گاز بېسىمىدىن ھالقىپ كېتىپ، بىر قىسىم سىماپ يەنىلا سۇيۇق ھالەتتە لامپا ئىچىدە توپلىنىۋالىدۇ، بۇنداق ھادىسە لامپىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. كۆپ قېتىملىق ئىشلىتىشتىن كېيىن بۇ تامچىسىمان سىماپ شارچىسى ئۆزلىگىدىن پارلىنىپ يوقىلىپ كېتىدۇ.

********

# رادىيو قوبۇللىغۇچلاردا دائىم ئۇچرايدىغان ئىنگلىزچە بەلگىلەر

ۋىن

مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن رادىيو قوبۇللىغۇچلارنىڭ تىزگىنلەش بۇرىغۇچىسى ۋە ئۇلىغۇچىنىڭ يان تەرەپلىرىدە، كۆپىنچە خەنزۇ يېزىقى ياكى پىنيىن ھەرپلىرى بىلەن بەلگە بېرىلگەن. بىز شۇنىڭغا ئاساسەن ھەر قايسى بۇرىغۇچلارنىڭ ئىقتىدارىنى بىلەلەيمىز. ئەمما، ئىمپورت قىلىنغان ياكى ئېكسپورت قىلىنىدىغان رادىيو قوبۇللىغۇچ مەھسۇلاتلىرىدا، ئىنگلىزچە بەلگىلەر قوللىنىلغان بولۇپ، رادىيو قوبۇللىغۇچتىكى بەلگىلەرنى پەرق ئېتىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، تۆۋەندە دائىم ئۇچرايدىغان ئىنگلىزچە بەلگىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

| ئىنگلىزچە يېزىقى | ئىنگلىزچە قىسقارتىلمىسى | ئۇيغۇرچە مەنىسى |
|---|---|---|
| AG/DC SWITGH | AG/DC SW | ئۆزگەرتىشچان، تۇراقلىق توك ئالماشتۇرغۇچ |
| AMPLITUDE MODULATION | AM | ئامپلىتۇدىنى مودۇلياتسىيىلەش |
| ANTENNA | ANT | ھاۋا سىمى، ئانتېننا |
| AUTOMƏTIC FREQUENCY CONTROL | AFC | ئاپتوماتىك چاستوتا تىزگىنلەش |
| BAND | | دولقۇن بۆلىكى (ساھەسى) |
| BASS | | تۆۋەن ئاۋاز (بەس تون) |
| BATTERY | BATT | باتارىيە |
| EARPHONE | EAR | تىڭشىغۇچ (نائۇشنىك) |
| EXTERNAL SPEAKER | EXT SP | سىرتىغا ئۇلانغان رادىيو كانىيى (لابا) |
| FINE | | مىكرو تەڭشىگۈچ |
| EREQUENCY MODULATION | FM | تەكرارلىق مودۇلياتسىيە |
| HERTZ | HZ | گېرتس (ھېرتس) |
| LIGHT | | يورۇتۇش |
| LONG WAVE | LW | ئۇزۇن دولقۇن |
| MEDILIM WAVE | MW | ئوتتۇرا دولقۇن |
| METER | | ئورۇۋېن ھىساپلىغۇچ |
| OFF | | ياپقۇچ |
| ON | | ئاچقۇچ |
| PHONO | | ئېلېكتر پاتېفونى |
| SHORT WAVE | SW | قىسقا دولقۇن |
| TONE | | ئاۋازنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكىنى تەڭشىگۈچ |
| TREBLE | | يۇقىرى ئاۋاز |
| TUNING | | تەڭشەش، سازلاش |
| VOLUME | | ئاۋاز (ئاۋازنىڭ قاتتىقلىقىنى) |

ئابلەت ھەسەن تەرجىمىسى

ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى

# سوغاق ساقلاش ساندۇغىدىكى قىرونى قەرەللىك چىقىرىپ تۇرۇش كېرەك

سوغاق ساقلاش ساندۇغى ئىشلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىچىگە قويۇلغان يېمەكلىكلەر ئۆز تەركىبىدىكى سۇنى داۋاملىق پارلاندۇرۇپ تۇرىدۇ، ياكى سوغاق ساقلاش ساندۇغىنى ئېچىپ يېمەكلىكنى ئالغاندا، ھاۋانىڭ تەركىبىدىكى سۇ سوغاق ساقلاش ساندۇغىغا كىرىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ساندۇق ئىچىدىكى ھاۋانىڭ نىسبىتى، نەملىك دەرىجىسى ئۆرلەپ 80 — 90% يېتىدۇ. سوغاق ساقلاش ساندۇغىنىڭ نەملىك دەرىجىسى شەبنەم نۇقتىسى نەملىك دەرىجىسىدىن تۆۋەن چۈشكەندە، نەملىك دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان سۇ پارلىرى تەدرىجى تويۇنۇشقا يۈزلىنىدۇ. پارلاندۇرغۇچ ئۈستىنىڭ نەملىك دەرىجىسى نىسبەتەن تۆۋەن بولغاچقا، بۇ سۇ پارلىرى پارلاندۇرغۇچ ئۈستىدە ئۇيۇشۇپ قىروغا ئايلىنىدۇ. پارلاندۇرغۇچ مىس ياكى ئاليۇمىن تۇرۇبا - تاختىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، قىرونىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش كويفىتسىيېنتى مىس، ئاليۇمىنىڭكىدىن خېلىلا كىچىك بولغىنى ئۈچۈن، بۇ خۇددى پارلاندۇرغۇچ يۈزىگە بىر قەۋەت ئىسسىقلىق ساقلىغۇچ ئوراپ قويغانغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، پارلاندۇرغۇچنىڭ ئىسسىقلىقنى شۈمۈرۈش ئۈنۈمى ۋە سوغاقنى تىزگىنلىگۈچى ياسالمىنىڭ پارلىنىش مىقدارى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئۆلچەشلەرگە ئاساسلانغاندا، پارلاندۇرغۇچنىڭ يۈزىدىكى قىرونىڭ قېلىنلىقى 10 مىللىمېتىرغا يەتكەندە، ئۇنىڭ ئىسسىقلىقنى شۈمۈرۈش ئۈنۈمى 40 پىرسەنت ئەتراپىدا تۆۋەنلەيدىكەن. بۇ سوغاقنى تىزگىنلىگۈچى قىسىش ماشىنىسىنىڭ دائىم ئادەتتىن تاشقىرى تۆۋەن يۈك كۆتۈرۈشلۈك ھالەتتە ئايلىنىشىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، توك سەرپىياتى ئاشىدۇ، ھەتتا پارلىنالمىغان سوغاقنى تىزگىنلىگۈچى سۇيۇقلۇق ئېتىلىپ چىقىش تۈپەيلىدىن قىسىش ماشىنىسى بۇزۇلۇشى مۇمكىن. شۇڭا، سوغاق ساقلاش ساندۇغىدىكى قىرونى قەرەللىك تازىلاپ تۇرۇش كېرەك. قىرونىڭ قېلىنلىقى 5 — 8 مىللىمېتىردىن ئېشىپ كەتمىسە بولىدۇ.

❀❀❀❀❀❀❀❀❀❀❀❀❀❀

# سوغاق ساقلاش ساندۇغىنىڭ تېمپېراتۇرا تەڭشەش بۇرىغۇچىنى نېمە ئۈچۈن خالىغانچە ئالدى - كەينىگە بۇراشقا بولمايدۇ

سوغاق ساقلاش ساندۇغىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تېمپېراتۇرا تەڭشەش كەيگۈن ئارقىلىق تەڭشەپ تۇرۇلىدۇ. نۆۋەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان تېمپېراتۇرا تەڭشىگۈچى كەيگۈن بىر خىل تېرمورېلېلىق كەيگۈن بولۇپ، ئۇنىڭ گاز قاچىلانغان تېمپېراتۇرا سەزگۈچى نەيچىسى پارلاندۇرغۇچنىڭ ئېغىزىغا يانداشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. پارلاندۇرغۇچ يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆزگەرگەندە، تېمپېراتۇرا سەزگۈچى نەيچە ئىچىدىكى گازنىڭ بېسىم كۈچىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، قىسىش ماشىنىسىنىڭ قوزغىلىش ياكى توختىشى كونترول قىلىنىدۇ. نورمال قوزغىلىپ ئىشلەۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، قىسىش ماشىنىسىنىڭ تۆۋەن بېسىملىق بۆلىكى بىلەن يۇقىرى بېسىملىق بۆلىكىنىڭ بېسىم كۈچى ئاسان تەڭپۇڭلۇققا يۈزلەنگەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بېسىم پەرقى ئىنتايىن كىچىك

بولىدۇ. ئىشلىتىش جەريانىدا، تېمپېراتۇرا تەڭشەش كەيگۈەلىنى خالىغانچە ئالدى - كەينىگە بۇرىغاندا، ياكى ئىسسىق نۇقتىسىدىن بىراقلا سوغاق نۇقتىسىغا تەڭشەپ قويغاندا، قىسىش ماشىنىسىنىڭ يېپىلىش - ئېچىلىشى كۆپىيىدۇ ياكى قوزغىتىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، قىسىش ماشىنىسىنىڭ ھاۋانى شۈمۈرۈش، چىقىرىش بوشلۇغىدىكى بېسىمىنىڭ پەرقى چوڭىيىدۇ. بېسىمنىڭ نىسبەتەن چوڭ بولۇشى، ماشىنىدا ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەجبۇرى قوزغىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گەرچە مەجبۇرى قوزغاتقۇچى ئارتۇقچە توك رېلېسىنىڭ كەينىدىكى سەكرىشىنى قوغداپ قالسىمۇ، ئەمما ماشىنا زەخىملىنىپ، ئىشلىتىلىش ئۆمرى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا، سوغاق ساقلاش ساندۇغىنىڭ تېمپېراتۇرا تەڭشەش بۇرىغۇچىنى خالىغانچە ئالدى - كەينىگە بۇرىماسلىق كېرەك. بولۇپمۇ ئىسسىق نۇقتىسىدىن بىۋاستە سوغاق نۇقتىسىغا تەڭشەشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئادەتتە ھەر قېتىمدا 90 گىرادۇسلۇق پىقىرىتىش گىرادۇسى بويىچە تەدرىجى تەڭشەش كېرەك. ھەر قېتىمقى تەڭشەش ئارىلىقى 20 مىنۇت بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

# نېمە ئۈچۈن بەزى سوغاق ساقلاش ساندۇغىنىڭ قېپى ئىسسىق بولىدۇ؟

سوغاق ساقلاش ساندۇغى ئىشلەۋاتقاندا، ئېلېكتېر ماشىنىسى سوغاقنى تېزگىنلىگۈچى قىسىش ماشىنىسىنى توختىماي ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. تۆۋەن تېمپېراتۇرا - تۆۋەن بېسىملىق سۇيۇق ھالەتتىكى سوغاق تېزگىنلىگۈچى ياسالما سوغاقنى تېزگىنلەش سىستېمىسىدا سۇيۇق ھالەتتىن گاز ھالەتكە توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. سوغاق تېزگىنلىگۈچى ياسالمىنىڭ قايناش نۇقتىسى ناھايىتى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇ ئاتموسفېرا بېسىمى ۋە ئادەتتىكى تېمپېراتۇرا شارائىتى ئاستىدا پارلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ پارلانغاندا، پارلاندۇرغۇچنىڭ مېتال نەيچىسى ۋە تاختىسى ئارقىلىق، سوغاق ساقلاش ساندۇغى ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسسىقلىقىنى توختىماي شۈمۈرۈپ تۇرغاچقا، ساندۇق ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن، سوغاقنى تېزگىنلەش ئۈنۈمى پەيدا بولىدۇ.

پارلاندۇرغۇچ شۈمۈرۋالغان ئىسسىقلىق سوۋۇتقۇچنىڭ نەيچە دېۋارى ئارقىلىق سىرتقى بوشلۇققا تارقىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، سوۋۇتقۇچى نەيچە دېۋارىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەش تېمپېراتۇرىسى سىرتقى مۇھىت تېمپېراتۇرىسىدىن 15°C — 12 يۇقۇرى بولىدۇ. سوۋۇتقۇچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئورۇنلار ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىسسىقلىقنى تارقىتىش شەكىللىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى سوغاق ساقلاش ساندۇقلىرىنىڭ سوۋۇتقۇچىسى ساندۇق قېپىنىڭ ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان (سىرتقى ئۇچۇق شەكىللىك) بولۇپ، پارلاندۇرغۇچ شۈمۈرۋالغان ئىسسىقلىق بىۋاستە ھاۋاغا تارقىلىدۇ؛ بەزى سوغاق ساقلاش ساندۇقلىرىدىكى سوۋۇتقۇچ، ساندۇق قېپىنىڭ ئوڭ، سول ۋە ئارقا تەرەپ ئىچكى دېۋارىغا چاپلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان (ئىچكى يېپىق شەكىللىك) بولۇپ، پارلاندۇرغۇچ شۈمۈرۋالغان ئىسسىقلىق سوۋۇتقۇچ نەيچە دېۋارىنىڭ ياردىمى بىلەن، ساندۇق قېپى ئارقىلىق سىرتقى مۇھىتقا تارقىلىدۇ. شۇڭا، سوۋۇتقۇچ ئىچكى يېپىق شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان سوغاق ساقلاش ساندۇقلىرى ئىشلەۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ سىرتقى قېپىنى تۇتقاندا ئىسسىق سېزىلىدۇ.

مەھەممەت بارات تەرجىمىسى

# ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق پەسىلدە تېلېۋىزورنى قانداق ئاسراش كېرەك

تېلېۋىزورلارنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى رېمونت قىلىنىش سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، يىل بويى كۆرۈلىدىغان نۇقسانلارنىڭ 60% دىن كۆپرەكى ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق پەسىلدە كۆرۈلىدىكەن. شۇڭا، تېلېۋىزورنى ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق پەسىلدە ئىشلەتكەندە تۆۋەندىكى 3 نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم:

1. ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇشقا، ئىسسىقلىق تارقىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. تېلېۋىزورنى كۆرگەندە ئۇنىڭ ئىچكى تېمپېراتۇرىسى تەدرىجى ئۆرلەيدۇ، ئەگەر ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرىراق بولۇپ، تېلېۋىزورنىڭ ئىسسىقلىق تارقىتىش شارائىتى ناچار بولسا، تېلېۋىزورنىڭ ئىچكى تېمپېراتۇرىسى يول قويۇلىدىغان چەكتىن ئېشىپ كېتىپ زاپچاسلىرى بۇزۇلۇشى مۇمكىن، شۇڭلاشقا، ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق پەسىلدە تېلېۋىزور كۆرگەندە، تېلېۋىزورنى ھاۋا ياخشى ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا قويۇش لازىم. ھاۋا ناھايىتى دىمىق ئىسسىق بولغاندا تېلېۋىزور كۆرگەندە، ئەڭ ياخشىسى تېلېۋىزور كۆرۈشنى ئىككى سائەت ئەتراپىدا 15 مىنۇت توختىتىش ياكى توك شامالدۇرغۇچ ئارقىلىق ئىسسىقلىق تارقىتىش كېرەك.

2. نەملىكتىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. تېلېۋىزورنى نەم جايغا قويماسلىق كېرەك، ئەگەر نەم جايدا قويسا، تېلېۋىزور زاپچاسلىرىنىڭ توك ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناچارلىشىشى، ھەتتا تېلېۋىزور زاپچاسلىرى بۇزۇلۇشى مۇمكىن.

3. چاڭ ـ توزاڭدىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىش لازىم. چاڭ ـ توزاڭنىڭ نەملىكنى تارتىش خۇسۇسىيىتى بولىدۇ، تېلېۋىزور زاپچاسلىرىغا چاڭ ـ توزاڭ قونۇۋالسا ئۇنى ناھايىتى ئاسان نەملەشتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ، تېلېۋىزورنىڭ يۇقىرى توك بېسىملىق قىسمىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەگەر تېلېۋىزورنىڭ سۈرەت كۆرسىتىش لامپىسىدا چاڭ ـ توزاڭ قونۇش تۈپەيلىدىن ئوت چاقناش يۈز بەرسە، كىرىستال لامپا ۋە باشقا زاپچاسلارنى بۇزۇپ قويىدۇ. شۇڭا، تېلېۋىزورنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، تېلېۋىزور سوۋۇغاندا ئىشكاپقا سېلىپ قويۇش ياكى ياپقۇچنى يېپىپ قويۇش لازىم. ئۇندىن باشقا، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئىچىدىكى چاڭ ـ توزاڭلارنى تازىلاپ تۇرۇش لازىم. (ئەڭ ياخشىسى بىلىدىغان ئادەمنى تازىلاپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىش لازىم).

# ۋاقىتنى قەدىرلىگۈچى ئادەم

ئامېرىكىلىق ئالىم بورخاد بورنىسون ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش تارىخىدىكى ئابرويلۇق ئەرباب بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇ 90 ياشقا كىرىش ھارپىسىدا دوستى ئۇنىڭدىن نىمىنى ئەڭ قەدىرلەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ، «مەن ۋاقىتنى بەكمۇ قەدىرلەيمەن، شۇ ۋەجىدىن كوچىنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ، ئۆتكەن ـ كۆچكەنلەرگە بىكار ۋاقىتىڭلار بولسا سەدىقە قىلىۋەتسەڭلەر، دەپ، شىلەپەمنى تەڭلىگۈم كېلىدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

سامساق سادىق تەرجىمىسى

# ئۈن ئالغۇ ۋە ماگنىتلىق لېنتىنى ئاسراپ ئىشلىتىش توغرىسىدا مەسلىھەت

## ئۈن ئالغۇنى قانداق ئاسراپ ئىشلىتىش كېرەك؟

1. ئۈن ئالغۇنى تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەندە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈش ماتېرىيالىنى تەپسىلىي كۆرۈپ، ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ ئىشلەش پرىنسىپى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىگەللىۋېلىش كېرەك.

2. ئۈن ئالغۇنى ئىشلەتكەندە، ئۈن ئالغۇ تۇرغان مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسىغا دىققەت قىلىش لازىم. ئادەتتە نۆل گرادۇستىن تۆۋەن بولماسلىقى ياكى 40 گرادۇستىن يۇقىرى بولماسلىقى كېرەك. ئۈن ئالغۇنى بىر قېتىم ئىشلىتىش ۋاقتى كۆپ بولغاندا تۆت سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئەگەر تۆت سائەتتىن ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، مەلۇم ۋاقىت توختىتىپ سوۋۇتقاندىن كېيىن قايتا ئىشلىتىش ياكى ئىككى ئۈن ئالغۇ تەييارلاپ، نۆۋەت بىلەن ئىشلىتىش كېرەك.

3. نەم تارتىپ بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۈن ئالغۇنى ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ياغاچ جازا ئۈستىدە قويۇش لازىم. يامغۇر ياققان ياكى ھاۋا نەم چاغلاردا ئەڭ ياخشىسى ھەر كۈنى بىر سائەتتىن ئىككى سائەتكىچە ئىشلىتىش لازىم.

4. ماگنىتلىق لېنتىنى ئۈن ئالغۇنىڭ ئىچىگە سالمىغان چاغدا، ئاۋاز ئېلىش تەپكىسىنى كۈچ بىلەن باسماسلىق كېرەك. كۈچ بىلەن باسقاندا، زاپچاسلارنىڭ ئۆمرى قىسقىرايدۇ.

5. ئۈن ئالغۇنى قاتتىق سىلكىنىشتىن ساقلاش لازىم.

6. ئۈن ئالغۇنى ھەر دائىم پاكىز تۇتۇش كېرەك. بولۇپمۇ پار، گاز ۋە ئىسسىقتىن ساقلاش لازىم. توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇشلاردا ئۈن ئالغۇنى تاماق جوزىسى ياكى داستىخاندىن يىراق قويۇش لازىم. ئەڭ ياخشىسى ئۈستىنى يۇمشاق رەخ بىلەن ئوراپ ساقلاش كېرەك.

7. ئۈن ئالغۇدا نورمالسىز ئەھۋال كۆرۈلسە، دەرھال ئىشلىتىشتىن توختىتىپ تەكشۈرۈپ، توسالغۇنى تۈگەتكەندىن كېيىن داۋاملىق ئىشلەتسە بولىدۇ. ئەگەر ئۈن ئالغۇنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىشلەش پرىنسىپىغا تونۇشلىقى تولۇق بولمىسا، رېمونتخانىغا ئاپىرىپ، رېمونت قىلىش كېرەك. ھېچ نەرسىنى ئۇقماي تۇرۇپ، ئۈن ئالغۇنى قالايمىقان چۇۋۇپ، ئۇيەر - بۇيەرىگە چېقىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم. ئەڭ ياخشىسى كەينى قاپقاقنىمۇ ئۆزى خالىغانچە بوشىتىپ ئاچماسلىق لازىم.

8. ئۈن ئالغۇنى ئىشلەتمىگەن چاغدا، توك مەنبەسىنى ئۈزۈۋېتىش ياكى ئىچىدىكى باتارېيىسىنى ئېلىۋېتىش كېرەك. ئۈن ئالغۇ ئۇزاق ۋاقىت توك مەنبەسىگە ئۇلاغلىق تۇرغاندا، مەنبە ترانسفورماتورى قىزىپ، كۆيۈپ كېتىشى مۇمكىن. باتارېيىنى ئىچىدىن ئېلىۋەتمىگەندە، ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىش جەريانىدا باتارېيىنىڭ سۇيۇقلۇغى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۈن ئالغۇنىڭ زاپچاسلىرىنى بۇزۇپ قويىدۇ.

9. ئۈن ئالغۇنى ئىشلەتمىگەن چاغدا، بارلىق باشقۇرغۇچى تەپكىلەرنى خىزمەتتىن توختاش ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇش لازىم. ھەرگىزمۇ، توك مەنبەسىنى ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ھېچقانداق مەسىلە چىقمايدۇ، دەپ قارىماسلىق لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا ھەر

قايسى تەككىلەردىكى پۈرژۈنلار تەدرىجىي ھالدا ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، ئىشلىمەس بولۇپ قالىدۇ.

10. ئۈن ئالغۇنى ئۇزاق ۋاقىت ئىشلەتمىگەن چاغدا، ئۇنى نەملىكتىن ساقلىغۇچى نەرسىلەر بىلەن بىللە قەغەز ساندۇقتا ياكى ياغاچ ساندۇقتا سېلىپ ساقلاش لازىم.

## ماگنىتلىق لېنتىنى قانداق ئاسراپ ئىشلىتىش كېرەك؟

ماگنىتلىق لېنتىنى ئاسراپ ئىشلىتىش — ئاۋاز ئېلىش، ئاۋاز قويۇش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىدىكى مۇھىم بىر تەدبىر. ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىدىغان ئاۋازلىق لېنتىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاسراپ، پاكىز ساقلاش تېخىمۇ مۇھىم.

1. ماگنىتلىق لېنتىغا چاڭ - توزاڭ قونۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر لېنتىغا چاڭ - توزاڭ قونۇپ قالغان بولسا پەتلىك رەخ ياكى قاتتىق چوتكا بىلەن سۈرتمەي، يۇمشاق تىۋىتلىق ياكى يۇمشاق چوتكا بىلەن يېنىك سۈرتۈش لازىم. لېنتا يۈزىنىڭ پاسكىنا بولۇپ كېتىشىدىن ياكى لېنتىدىكى ماگنىت قەۋىتىنىڭ ئاجراپ چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن لېنتىنى قول بىلەن بىۋاستە تۇتۇپ تارتماسلىق كېرەك.

2. ئۆلچىمى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل لېنتىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

3. لېنتىغا سۇ، ماي تېگىپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

4. لېنتىنى تېلېۋىزور، رادىيو، ئاۋاز كۈچەيتكۈچ، مىكروفون، لابا قاتارلىق ماگنىت مەيدانى ھاسىل قىلغۇچى ئۈسكۈنىلەرگە يېقىن قويماسلىق لازىم.

5. لېنتىنى ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان قۇرۇق جايدا ياكى مەخسۇس ئىشكاپتا ساقلاش، قۇياش نۇرى بىۋاستە چۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا قويماسلىق لازىم. لېنتىنى دەسسەپ تىزىپ قويماسلىق ياكى بەك زىچ قويماسلىق كېرەك.

6. لېنتىنى ئىشلەتمىگەن چاغدا، ئۈن ئالغۇدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك.

7. لېنتىنى ئۇزاق ۋاقىت ساقلاشقا توغرا كەلسە، قۇتا شەكىللىك ماگنىتلىق لېنتىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى ئۆچۈرۈلۈپ كېتىشتىن ساقلىغۇچى نېپىز قاپقاقنى ئېلىۋېتىش لازىم. كېيىن يېڭى ئاۋاز ئېلىش لازىم بولۇپ قالغاندا، ئېلىۋېتىلگەن نېپىز قاپقاقنىڭ ئورنىغا شىلىملىق رەخ چاپلىسا ياكى قەغەز تولدۇرۇلۇپ قويۇلسا، قايتا ئاۋاز ئالغىلى بولىدۇ. ئۇزاق ۋاقىت ساقلايدىغان لېنتىلارنى بىر پەسىلدە بىر قېتىم، ئەڭ كېچىككەندە يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئۈن ئالغۇغا سېلىپ، قايتا بىر يۆگەپ قويۇش لازىم.

8. لېنتىنى ئۈزۈلۈپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، لېنتا ئۈن ئالغۇ ئىچىدە نورمال سۈرئەتتە ياكى تېز سۈرئەتتە ئايلىنىش تەرتىۋى بويىچە ئايلىنىۋاتقان چاغدا، ئارقىغا قايتۇرۇش تەپكىسىنى بېسىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئەكسىچە، لېنتا ئارقىسىغا ياندۇرۇلىۋاتقان چاغدىمۇ ئالدىغا ئايلاندۇرۇش تەپكىسىنى ياكى ئالدىغا تېز يۆگەش تەپكىسىنى بېسىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. يۇقۇرىدىكى ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا ئاۋال توختىتىش تەپكىسىنى بېسىپ ئاندىن كېيىن ئالدىغا ياكى ئارقىغا ماڭدۇرۇش تەپكىسىنى بېسىش لازىم.

يالقۇن سەمەر تۈزگەن

# سىزنىڭ باللىرىڭىزمۇ مۇشۇنداقمۇ؟

## ـ باللاردىكى بەزى ناچار ئادەتلەر ھەققىدە

كۆپىنچە باللاردا ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق ناچار ئادەتلەر بولىدۇ. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا تۈزەتمىگەندە، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە توسالغۇ بولىدۇ. تۆۋەندە بەزى مىساللارنى كۆرسىتىمىز. بۇ ئىللەتلەرنىڭ سىزنىڭ باللىرىڭىزدىمۇ بار - يوقلىقىنى بېلىشتۈرۈپ كۆرسىڭىز بولىدۇ.

**باشنى پۈركەپ ئۇخلاش:** قىش كۈنلىرى، بەزى باللار سوغاقتىن قورقۇپ بېشىنى پۈركەپ ئۇخلايدۇ. بۇنداق قىلغاندا، يېڭى ھاۋا ئاسانلىقچە يوتقان ئىچىگە كىرەلمەيدۇ، ئەكسىچە، نەپەس ئېلىشتىن چىققان كاربون (IV) ئوكسىدى ئۇزاقكىچە كۆپىيىپ، ئوكسىگېن بارا - بارا ئازىيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى دەم سىقىلىش، باش ئاغرىش، باش قېيىش، روھىي ھالىتى تۆۋەنلەش قاتارلىق ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ.

**سول تەرەپنى بېسىپ يېتىپ ياكى دۈم يېتىپ ئۇخلاش:** سول تەرەپنى بېسىپ ياتسا، يۈرەك بېسىلىپ قالىدۇ، دۈم يېتىپ ئۇخلاش تېخىمۇ ياخشى ئەمەس. بۇنداق ئۇخلىغاندا، كىشى بىئارام بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە نورمال نەپەس ئېلىشقىمۇ تەسىر يېتىدۇ، بەزىدە يەنە قول - بىلەكلەر بېسىلىپ ئۇيۇشۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، باللاردا ئوڭ تەرەپنى بېسىپ يېتىش ياكى ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلاش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

**ئۇيقىغا ئامراق بولۇش ھەم ئەتىگەنلىك تاماق يېمەسلىك:** بولۇپمۇ قىش كۈنلىرىدە، بەزى باللار يوتقاندىن چىقىشنى ئۈزەلمەي قوپۇشقا ئۇرۇنىدۇ ھەم مەكتەپكە كېچىكىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئەتىگەنلىك تامىقىنى يېمەيدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، باللارنىڭ ئۆسۈۋاتقان دەۋرى بولغانلىقتىن، ئەتىگەنلىكى يېتەرلىك مىقداردا ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلمىغاندا، ئاسانلا قان شېكىرى تۆۋەنلەپ كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ، دەرس ۋاقتىدا روھسىزلىنىپ، دىققىتىنى يىغالمايدۇ.

**ئۇخلاشتىن بۇرۇن چىشنى چوتكىلىماسلىق، تېخى يەنە بىر نەرسە يېيىش:** ئۇخلاشتىن ئىلگىرى چىشنى چوتكىلاش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، ئۇخلىغاندا شۆلگەي سۈيۈقلۇقىنىڭ ئاجرىتىلىپ چىقىرىلىشى ئازىيىدۇ، مىكروپلار ئاسان كۆپىيىدۇ. ئۇخلاشتىن بۇرۇن بىرەر نەرسە يېگەندە، مىكروپلارنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىلىپ، چىش ئاسان زەخىملىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا ۋە كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن چىشنى چوتكىلاش لازىم.

**تاماق تاللاش:** ھەر خىل يېمەكلىكلەردە ئوخشاش بولمىغان ئوزۇقلۇق ماددىلار بار. تاماق يېگەندە ئۇنى تاللاپ، بۇنى ئىلغاش، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن جىق يېيىش، ياخشى كۆرمەيدىغان-

## «باللار تەربىيىسى»

لىرىنى ئاز يېيىش، ھەتتا پەقەتلا يېمەسلىك ياخشى ئادەت ئەمەس. بۇنداق باللار بىردە توق، بىردە ئاچ بولۇپ، ئاسانلا ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ناچارلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاماق تاللىغاندا يەنە ئوزۇقلىنىش ياخشى بولمايدۇ. ھەتتا ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك كېسەللى كېلىپ چىقىدۇ.

**پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى كۆپ يېيىش:** پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى كۆپ يېگەندە، ئۈچەي - ئاشقازان ياخشى دەم ئالالمايدۇ، بەلگىلىك ۋاقىتتا ئوزۇقلىنىش ئادىتى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكتىن، ئىشتەي بارا - بارا ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ.

**قاماقتىن ئىلگىرى قولىنى يۇماسلىق، ھەتتا يېمەكلىكلەرنى بىۋاستە ھالدا قولى بىلەن تۇتۇش:** بەزى باللار قولىنى ئاچقاندا ياكى ئۆزى ئامراق يېمەكلىكلەرنى كۆرگەندە، قولىنى يۇغۇچىلىك تاقەت قىلالماستىن، بىرىپلا يېمەكلىكلەرنى تۇتىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇنداق قىلغاندا «كېسەل ئېغىزدىن كىرىدىغان» لىقىنى، ئۆز قولىدا كېسەللىك قوزغاتقۇچى مىكروپلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى، ھەتتا يەنە ھەر خىل پارازىت قۇرۇتلارنىڭ تۇخۇملىرىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، باللار قولىنى يۇماستىن بىر نەرسىلەرنى يېگەندە، ئاسانلا ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە پارازىت قۇرۇت كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ.

**تاماق يەۋېتىپ گەپ قىلىش:** بۇنداقتا، يېمەكلىكلەر ئاسانلا كانايغا (ئۆپكىگە) كىرىپ كېتىپ، قېقىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئېلىق يەۋېتىپ گەپ قىلغاندا، ئېلىق قىلتىرىقى كانايغا تۇرۇپ قېلىپ ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تاماق يېگەن چاغدا دىققەتنى بىر يەرگە يىغىش، گەپ قىلماسلىق لازىم.

**چىلىغان تاماقنى ياقتۇرۇپ يېيىش:** قايناقسۇغا چىلىغان تاماق (نان) نى چايناپ مايلا سۈيى بىلەن قوشۇپ يۇتۇشكە توغرا كې-

لىدىغانلىقتىن، يېمەكلىك تەركىۋىدە شۆلگەي سۈيۈقلۇقى ئاز بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىچكەن قايناقسۇ ئاشقازان سۈيۈقلۇقىنى سۇيۇلدۇرۇۋېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچەي - ئاشقازاننىڭ يېمەكلىكلەرنى ھەزىم قىلىپ سۈمۈرۈشىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، تاماق (نان) نى ئالاھىدە بار چىلاپ يېمەسلىك لازىم.

**تاماقتىن بۇرۇن ۋە تاماقتىن كېيىن قايناقسۇ ئىچىش:** تاماق يېيىشنىڭ ئالدىدا قايناقسۇ ئىچكەندە ئاشقازان سۈيۈقلۇقى سۇيۇلۇپ كېتىدۇ - دە، ئىشتەيگە تەسىر يېتىدۇ؛ تاماقتىن كېيىن دەرھال قايناقسۇ ئىچكەندىمۇ ئاشقازان سۈيۈقلۇقى سۇيۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەر ئىككىلا ئەھۋال ھەزىم قىلىش ئۈچۈن پايدىسىز بولۇپ، ئاسانلا ئاشقازان كېسەللىكلىرى كېلىپ چىقىدۇ.

**خاسىڭ مېغىزىنىڭ پوستىنى سويۇپ يېيىش:** ئەركە ئۆسكەن بەزى باللار خاسىڭ مېغىزى يېگەندە، پوستى يېرىك، ئاسان يۇتقىلى بولمايدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى يېمەيدۇ. بىلىش كېرەككى، خاسىڭ مېغىزىنىڭ پوستى قاننى تولۇقلاش رولىغا ئىگە. شۇڭا ئۇنى مېغىزى بىلەن بىرگە يۇمشاق چايناپ يېيىش لازىم.

**تۈكۈرۈپ ئوينىش:** ئادەتتە تۈكۈرۈپ ئويناشقا ئامراق باللار، ئۇرۇشۇپ قالغاندا باشقىلارنىڭ بەدىنى (يۈزى، كىيىم - كېچەكلىرى) گە تۈكۈرۈشتىنمۇ يانمايدۇ. بۇ ناھايىتى مەدەنىيەتسىز بىر خىل ئادەت بولۇپ، سالامەتلىك ئۈچۈنمۇ زىيانلىق. تۈكۈرۈك (شۆلگەي سۈيۈقلۇقى) يېمەكلىكلەرنىڭ تەمىنى تەڭشەپ، ھەزىم قىلىشقا يادەم بېرىدۇ، يەنە مىكروپلارنى ئۆلتۈرۈپ چىشنى قۇرۇت يېيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىغا ئىگە، شۇڭا ئۇنى خالىغانچە «ئىسراپ» قىلماسلىق لازىم.

**خالىغان يەرگە كەلسە - كەلمەس تۈكۈرۈش:** تۈكۈرۈك تەركىۋىدە كۆپ خىل كېسەللىك مىكروپلىرى بولىدۇ، يەرگە تۈكۈرگەندە، تۈكۈرۈك قۇرىغاندىن كېيىن شامال ئارقىلىق تار-

قىلىپ ھەر خىل كېسەللىكلەرنى تارقىتىدۇ. تۆكۈرۈكنى يۇتۇۋېتىشمۇ ياخشى ئادەت ئەمەس، چۈنكى تۆكۈرۈك تەركىۋىدىكى بەزىبىر مىكروپلارنىڭ تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئاشقازان كىسلاتاسىدىمۇ ئۆلمەيدۇ – دە، كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، تۆكۈرۈشكە توغرا كەلگەندە تۆكۈرۈك قاچىلىرىغا تۆكۈرۈش ياكى پارچە قەغەزگە تۆكۈرگەندىن كېيىن ئۇنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاش لازىم.

**بارمىقىنى يالاش ياكى تىرنىقىنى چىشلەش:** بارماقتا ياكى تىرناق ئىچىدىكى پاسكىنا كىرلاردا كۆپ خىل مىكروپلار ۋە پارازىت قۇرۇتلارنىڭ تۇخۇملىرى بولىدۇ. شۇڭا، بارمىقىنى يالىغاندا ۋە تىرناقنى چىشلىگەندە، ئاسانلا ئۈچەي يولى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى ۋە پارازىت قۇرۇت كېسەللىكلىرى پەيدا بولىدۇ.

**قۇلاق كولاش:** قۇلاقنى كەلسە – كەلمەس كولىغاندا، قۇلاق بوشلۇقى ئاسانلا زەخىملىنىدۇ – دە، ياللۇغلىنىپ قالىدۇ ياكى چىقان چىقىپ قالىدۇ. ئەگەر قۇلاق پەردىسى يىرتىلىپ كەتسە، ئاڭلاش ئىقتىدارىغا تەسىر يېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قۇلاق كىرىنىڭ بەلگىلىك مۇھاپىزەت قىلىش رولى بولۇپ، ئۇششاق قۇرۇتلارنىڭ قۇلاق ئىچىگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قۇلاق كىرى كۆپىيىپ كەتسە، ئۇنى كولاپ چىقىرىۋەتمىسىمۇ، ھەرىكەت قىلغاندا ياكى يېنىچە يېتىپ ئۇخلىغاندا ئۆزلىكىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

**بۇرۇن كولاش:** بۇرۇننى ھەمىشە دىگىدەك كولاۋەرگەندە، بۇرۇن تۈكلىرى چۈشۈپ كېتىدۇ، شىللىق پەردە زەخىملىنىپ، قان تومۇرلار يېرىلىپ، بۇرۇن قاناپ كېتىدۇ ھەمدە يۇقۇملىنىش كېلىپ چىقىدۇ. ئېغىر بولغاندا، مىكروپلار يېرىلغان قان تومۇرلار ئارقىلىق باش (مىڭە) قىسمىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ – دە، خەتەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، بۇرۇننى قالايمىقان كولىماسلىق كېرەك.

**كۆزنى ئۇۋىلاش:** قول بىلەن كۆزنى ئۇۋىلىغاندا، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى مىكروپلار كۆزگە كىرىپ كېتىدۇ – دە، ئاسانلا تىراخوما ياكى يىڭناسقۇ قاتارلىق كۆز كېسەللىكلىرى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆزدىكى چاپاقنى ئالغاندا ياكى كۆز يېشىنى سۈرتكەندە، پاكىز قولياغلىق ئىشلىتىش لازىم.

**كىتاپقا بېرىلىپ كېتىپ، ھېچنەرسە بىلەن كارى بولماسلىق:** كىتاپ كۆرۈش ۋاقتى بەك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتسە، كۆز چارچاپ كېتىدۇ. بەزى باللار ھەتتا گۇگۇم چۈشكەندىمۇ كىتاپتىن بېشىنى كۆتەرمەيدۇ، ھەتتا چىراقنى يېقىپ قويۇشنىمۇ ئېسىگە كەلتۈرمەيدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئۆگىنىشكە تەسىر يېتىپلا قالماي، يەنە كۆزنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. بىز باللارنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا پايدىلىق بەزىبىر كىتاپلارنى مۇۋاپىق ھالدا كۆرۈشىگە قارشى تۇرمايمىز، ئەمما باللارنىڭ ئۆز – ئۆزىنى كونترول قىلىشىنى، تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولۇپ، ئاندىن كۆرۈشىنى ھەمدە ئۆي ئىچىدىكى يورۇقلۇق (چىراق) قا دىققەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

**تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە تۈز ئولتۇرماسلىق:** ئۆسمۈر باللارنىڭ سۆڭەكلىرى ئۆسۈپ – يېتىلىۋاتقان بولغانلىقتىن، يۇمشاق كېلىدۇ ۋە ئاسان شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا، تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە ياكى دەرس تەكرارلىغاندا ھەمىشە تۈز ئولتۇرماي، ئېگىلىپ ياكى سىڭايان ئولتۇرغاندا، باللارنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكى ئېگىلىپ، «دۈمچەك» بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ، سالامەتلىككە ۋە بەدەن – تۇرقىنىڭ گۈزەللىكىگە نىسبەتەن زىيانلىقتۇر.

**يۇيۇنۇشنى خالىماسلىق:** باللار مۇنچىنىڭ دىمىق، كىشىنى بىئارام قىلىدىغانلىقىدىن قورقۇپ، يۇيۇنۇشنى ئانچە خالىمايدۇ. بىلىش لازىمكى، ھەمىشە يۇيۇنۇپ تۇرغاندا، بەدەننى پاكىزە ساقلىغىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە كىشى روھىي جەھەتتىن يېنىكلەپ، ھوزۇرلۇق ھېس قىلىدۇ. شۇڭا، دائىم يۇيۇنۇپ تۇرۇش، باللار ئۈچۈن بەكمۇ پايدىلىقتۇر.

ئابدۇۋايىت قاسىم تەرجىمىسى

# بوۋاق ۋە پاخلان كۆرپە

بوۋاققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆيۈنۈش، سىلاش ـ سىپاش كەم بولسا بولمايدىغان تەلەپ، ئۇلار تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن تېنى بالا ياتقۇ ئىچىدە باش سۆيمىنىڭ ئۈزلۈكسىز سىلاپ ـ سىپىشى ۋە بالا ياتقۇ دىۋارىنىڭ پاناھىدا بولىدۇ. شۇڭا، بوۋاق تۇغۇلغاندا ئۇزۇن مۇددەت راھەتلىك سىلاش ـ سىپاشلاردىن بەھرىمەن بولغان بولىدۇ. خەۋەرلەرگە قارىغاندا يېڭى زېلاندىيە ئالىملىرى تەجرىبە ئارقىلىق بوۋاقلار تۇغۇلغاندىن كېيىن بەدىنى بىلەن ئۇچرىشىدىغان نەرسىنىڭ خاراكتېرى، تۈزلۈكى، ئۇلارنىڭ كېيىنكى فىزىئولوگىيىلىك ئۆسۈشى ۋە مىجەزىگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. يىرىك ۋە قاتتىق نەرسە بوۋاقلار تەرىپىدىن يۇمشاق نەرسىدەك قارشى ئېلىنمايدۇ.

ئامېرىكا ۋىسكونسىن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور خارى‑خارو مۇنداق بىر داڭلىق تەجرىبە ئىشلىگەن. ئۇ تۇغۇلغىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر كىچىك مايمۇننى مېتال توردا ئىشلەنگەن سۈت چىقىدىغان «ئانا» مودېلى بىلەن سۈت چىقمايدىغان لېكىن يۇمشاق يۇڭ توقۇلمىلار بىلەن يۆگەلگەن مېتال تور «ئانا» مودېلى ئوتتۇرىسىدا تاللاشقا قويغان. نەتىجىدە بۇ كىچىك مايمۇن كېيىنكىسىنى تاللىغان. بۇ تەجرىبە يۇمشاق نەرسىلەرنىڭ بوۋاققا زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

1967 ـ يىلى بەزىلەر پاخلان تېرىسىنى بوۋاقلارغا كۆرپە قىلىپ بەرگەن، نەتىجىدە ئانىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بوۋاق پاخلان كۆرپىسىدە باشقا كۆرپىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ تىنچ، شات ـ خۇراملىق ھېس قىلغان. ئۇنىڭ ئۆستىگە ئۇخلاش ۋاقتىمۇ تېخىمۇ ئۇزۇن بولغان. كېيىن 78 نەپەر بوۋاق ئۈستىدە مۇشۇنداق تەجرىبە ئېلىپ بېرىلغان. بۇنىڭدىن 74 نەپەر بوۋاقنىڭ ئانىلىرى پاخلان كۆرپىسى ئادەتتە داۋاملىق، دائىم ئىشلىتىدىغان كۆرپىلەردىن كۆپ ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىكەن، دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ باللىرى دائىم بىر خىل راھەت، ھوزۇر ئىچىدە ياتقانلىقى تېخىمۇ ئېنىقلانغان. قوي يۇڭىنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى بولۇپ، ئۇ بوۋاقلارغا ھوزۇر بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ تۇنجۇقۇپ قېلىشىدىنمۇ ساقلانغىلى بولىدۇ. يېڭى زېلاندىيە ۋە ئاۋستىرالىيىدە بوۋاقلارغا پاخلان تېرىسىدە كۆرپە قىلىپ بېرىش 10 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمىدىن كىشىلەر مەمنۇن بولماقتا. ھازىر، پاخلان تېرىسى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بوۋاقلاردىن خەۋەر ئالىدىغان يارامىلىق ياردەمچىسى بولۇپ قالدى. باللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، پاخلان كۆرپىسىدە يېتىش ئاتا ـ ئانىسىنىڭ باغرىدا يېتىشتىن كېيىملا تۇرىدىكەن.



رەشىدە ئىسمايىل تەرجىمىسى

ئۆزىڭىز ياسىۋېلىڭ

# ئەڭ ئاددى ئېلېكترونلۇق مۇزىكا

ئاسان

ھازىر ئاۋازى قۇلاققا ئىنتايىن يېقىملىق بولغان ئېلېكترونلۇق مۇزىكىلارنىڭ رىقابەت سەھنىسىگە چىقىپ باشقا بارلىق «قېرىنداش»لىرىغا مۇسابىقە ئېلان قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان بولدى. بۇ يەردە ئېلېكترونلۇق مۇزىكا ئەسۋاپلىرى «ئائىلىسى»نىڭ بىر ئەزاسى — ئېلېكترونلۇق ئورگاننىڭ ئاددى تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرماقچىمىز.

ئۇ بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئاددى ئېلېكترونلۇق زەنجىرىدە پەيدا بولغان تەۋرىنىش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، گىرېكلارنىڭ قەدىمي مۇزىكىلىق ئەسۋاۋى — ئورگانغا ئوخشايدىغان تاۋۇش چىقىرىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئېلېكترونلۇق ئورگان دېيىشكە ھەقلىقمىز. بىز بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئىشلەش پىرىنسىپلىرى ئۈستىدە توختالماستىن، پەقەت ياساش ئۇسۇلىدىلا توختىلايلى. سىز ئاۋاز قۇرۇلۇشتۇرۇپ سىناپ بېقىڭ:

١. ئۇزۇنلۇقى 80mm، كەڭلىكى 70mmلىق پەنەركە ياكى سۇلياۋ تاختا، ھېچبولمىغاندا قۇرۇق قاتتىق كاردون قەغەز ئېلىڭ.

2. بارلىق بۆلەكچىلەرنى، مەسىلەن، قارشىلىق $R_1$، $R_2$ ... لارنى، ئۈچ قۇتۇپلۇق كىرىستال لامپا $BG_1$، $BG_2$ ... لارنى، كوندېنساتور $C_1$،$C_2$ ... لارنى، ئىككى قۇتۇپلۇق كىرىستال لامپا $D_1$،$D_2$ ... لارنى ئېچىپ-ياپقۇچ $K_1$نى، باتارىيە Eنى، كاناي Y نى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن تەلەپلەر بويىچە تاللاپ سېتىۋېلىڭ. ئەڭ ياخشىسى، بىر-بىردىن ئۆلچەپ تاللاپ سېتىۋېلىش كېرەك.

3. تاختىغا بېرىلگەن رەسىم بويىچە تۆشۈكلەرنى (رەسىمدىكى O بەلگە قويۇلغان



ئورۇنلارغا) تېشىپ، ئۇنىڭغا كاۋاك مىخلارنى (ماۋدىڭلارنى) مىخلاپ چىقىڭ.

4. بۇ مىخلارنى قوم قەغەز بىلەن تازىلاپ، دۇگىلەك قاي سۈركەپ، ئۇنى داغمال ئارقىلىق قەلەيلەڭ.

5. تۆشۈكلەرنى تاختىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدىن ئۆتكۈزگۈچ سىملار ئارقىلىق، رەسىمدە كۆرسىتىلگەن مەۋھۇم سىزىقلار بويىچە ئۇلاپ قويۇڭ.

6. بۆلەكچىلەرنى رەسىمدىكىدەك جايلاشتۇرۇپ ئۇلاپ چىقىڭ. ئۇلار تاختىنىڭ يۈزىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. رەسىمدە ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ۋە پۇتلىرىغا ئۇلانغان قوشۇمچە سىملىرى قارا سىزىق بىلەن كۆرسىتىلگەن.

7. ھەممىنى باشتىن ـ ئاخىر بىر تەكشۈرۈپ، ئورنىدا، يۆنىلىشىدە، ماركىسىدا خاتالىق بولسا ئوڭشاڭ. ساختا كەپشەرلىنىش ياكى قېپقېلىش بولسا ئۇبدان كەپشەرلەڭ ياكى ئورنىنى تولدۇرۇڭ.

8. K نى (توك مەنبەسىنى) ئۇتاشتۇرۇپ، ab ئۆتكۈزگۈچى سىمنىڭ a ئۇچىنى نوتا سەفىرلىرى (1، 2، ...، i، 5 لەر) قويۇلغان مىخلارغا بېسىپ چېلىپ بېقىڭ.

9. ئاۋاز توغرا بولمىسا، $R_{14}$، $R_1$ لەرنى تەكشۈرۈپ توغرىلاڭ. ئاۋاز كۈچىنى $R_{24}$ نى تەڭشەپ بېقىڭ. ئەڭ ئاخىرىدا گارمونغا توغرىلاپ، $C_2$ نى تەڭشەڭ ۋە ئاۋازى (تەكرارلىقنى) توغرىلاڭ.

... ئاۋازنى (تەكرارلىقنى) توغرىلاش ماتېرىياللار جەدۋىلى ۋە ئىزاھلار

| ماركىسى ياكى مىقدارى شەرتى | شەرتلىك بەلگىسى | ماركىسى ياكى مىقدارى جەرتى | شەرتلىك بەلگىسى |
|---|---|---|---|
| BT33 | $BG_1$ | 100KΩ | $R_1$ |
| 3DG6 | $BG_5BG_4BG_3BG_2$ | 6.2KΩ | $R_2$ |
| 3DG12 | $BG_6$ | 13 KΩ | $R_3$ |
| 2AP | $D_1 \cdot D_2 \cdot D_3$ | 14 KΩ | $R_4$ |
| 2CP | $D_4$ | 8.2KΩ | $R_5$ |
| 47nF | $C_1$ | 18 KΩ | $R_6$ |
| 1000PF,300PF,100PF | $C_2$ | 20 KΩ | $R_7$ |
| 5600PF | $C_3$ | 22 KΩ | $R_8$ |
| 100PF | $C_4 \cdot C_5$ | 12 KΩ | $R_9$ |
| 10nF | $C_6$ | 24 KΩ | $R_{10}$ |
| 8Ω | Y | 30 KΩ | $R_{11}$ |
| 6v | E | 16 KΩ | $R_{12}$ |
| (تېپىلغىنچە) | K | 33 KΩ | $R_{13}$ |
| ئۇچلانغان ياكى قاپسىز ئۆتكەزگۈچ سىم | a b | 39 KΩ | $R_{14}$ |
| ئۇلانماستىن كېسىشكەن نۇقتىلار | + ياكى | 1.5KΩ | $R_{15} \cdot R_{25}$ |
| ئۇلانغان جايلار | ÷ ياكى | 130Ω | $R_{16}$ |
| | | 2KΩ | $R_{17} \cdot R_{18}$ |
| | | 10KΩ | $R_{19} \cdot R_{20}$ |
| | | 4.7KΩ | $R_{21} \cdot R_{22}$ |
| | | 82 KΩ | $R_{22}$ |
| | | 1.2KΩ | $R_{24}$ |
| | | 22Ω | $R_{26}$ |

# ئۆزى ياسىۋېلىشقا بولىدىغان دوش

ئۆيدە ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇنۇشقا بولىدىغان دوش ياسىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل دوش ئېتىلما ئېقىم پرىنسىپىغا ئاساسەن ياسىلىدۇ. بېسىمى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان تۇرۇبا سۈيى پۈركۈگۈچتىن ئېقىپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئارىلاشتۇرۇش بۆلۈمىدە ۋاكۇئۇم پەيدا قىلىدۇ، ئاتموسفېرا بېسىمى ئىسسىق سۇنى ئارىلاشتۇرۇش بۆلۈمىگە سىقىپ كىرگۈزۈپ، سوغاق سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يۇيۇنۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىسسىق سۇ ھاسىل قىلىدۇ. دوش ئارىلاشتۇرۇش بۆلۈمى، پۈركۈگۈچ ۋە قايناقسۇ ئېغىزىدىن قۇرۇلىدۇ. (تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراڭ).

ئارىلاشتۇرۇش بۆلۈمى، دىئامېتىرى 23—22 مىللىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 60 مىللىمېتىرلىق تۇم (شىر) پولات (ئالتە قىرلىق پولات بولسا تېخىمۇ ياخشى)، ياكى جەز، نىلون، سۇلياۋ قاتارلىقلارنىڭ تاياقسىمان ماتېرىياللىرىدىن ياسىلىدۇ. ئۇنى ئۆيدىكى سۇ تۇرۇبىسى بىلەن ئاسان ئۇلاشقا بولسۇن ئۈچۈن پولات تاياقچىسىنىڭ ئىككى بېشىنى قىرىپ، 4 ئېنگلىز پۇڭلۇق (C1/2″) تۇرۇبىلىق رېزبا چىقىرىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئىككى ئۇچىدىن 10 مىللىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا دىئامېتىرى 15 — 14 مىللىمېتىرلىق تۆشۈك ئويۇلىدۇ. پۈركۈش ئېغىزى ئورنىتىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن

ئۇنىڭ بىر ئۇچىدىن يەنە 30 مىللىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا دىئامېتىرى 10.5 — 13.0 مىللىمېتىرلىق تۆشۈك ئويۇلۇپ، 12 مىللىمېتىرلىق ئاددى مېتچىك (رېزبا چىقارغۇچى) ئارقىلىق رېزبا چىقىرىلىدۇ. يەنە بىر ئۇچىنىڭ ئىچكى دىئامېتىرى 3.5 مىللىمېتىر قىلىپ ئويۇلىدۇ، ئارىلاشتۇرۇش بۆلۈمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن توغرىسىغا دىئامېتىرى 8.5 مىللىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 21 مىللىمېتىرلىق تۆشۈك ئويۇلىدۇ. تۆشۈك ئويۇلغاندىن كېيىن قايناقسۇ تۇرۇبىسىنى ئۇلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن 10 مىللىمېتىرلىق مېتچىك بىلەن رېزبا چىقىرىلىدۇ. ئېغىزى 12 مىللىمېتىرلىق ۋىنتتىن ياسىلىدۇ. ۋىنتنىڭ بىر ئۇچىدىكى كەسمە يۈزگە دىئامېتىرى 2—1.5 مىللىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا تۆشۈكچە ئويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، كەسمە يۈز ھەرىدىلىپ بىر ئېرىقچە چىقىرىلىدۇ. ئاندىن يەنە 8 مىللىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ھەرىدىلىپ بىر ئېرىقچە چىقىرىلىدۇ. قايناقسۇ تۇرۇبىسى دىئامېتىرى 10 مىللىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 40 — 30 مىللىمېتىر-



يېزا ئىگىلىك ساۋادى

# دېخانچىلىق دورىسى بىلەن زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

ھۆسەنجان تۇنىياز

دېخانچىلىق دورىلىرى — زىرائەتلەردە بولىدىغان ھەر خىل كېسەللىك، زىيانداش ھاشارەتلەرنى ۋە ئېتىزلارنى بېسىپ كەتكەن ئوت - چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە يوقىتىپ، زىرائەتنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دېخانچىلىق دورىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش دائىرىسى كەڭ، ئىشلىتىش مىقدارى ئاز، تەسىرى تېز ۋە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەمما ئۇنى ئىشلەتكەندە ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ زەھەرلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىخەتەر دورا ئىشلىتىش مەشغۇلات قائىدىسىگە قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ، ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىۋاتقان ھاشارەت ئۆلتۈرگۈچى ئورگانىك فوسفورلۇق دورىلاردىن 1605 (فاراتىئون)، 3911 (تىمىت)، 1059 (دىمىتون)، مالاتىئون، فوسفامىدون، سومتىئون، DDV، خلورونوس، روگور ۋە دىپىس قاتارلىق دورىلار ئۆتكۈر زەھەرلىك دورىلار بولۇپ، ئۇلارنى ساقلاش ۋە ئىشلىتىش جەريانىدا مەشغۇلات قائىدىلىرىگە سەل قارالسا ئاسانلا زەھەرلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، دورا چاچقاندا تۇمانلانغان دورىلار ئادەم بەدىنىگە يېپىشىۋالىدۇ ياكى مۇداپىئە سايمانلىرىنىڭ ياخشى بولماسلىقى ھەمدە دورا چېچىش ماشىنىسىدىن

---

لىق ۋېنتىنى 6 — 5.5 مىللىمېتىرلىق ئۆتمە نۆشۈك تېشىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

ئارىلاشتۇرۇش بۆلۈمى، پۈركۈگۈچ، قاينىقسۇ تۇرۇبىلىرىنى ياساپ بولغاندىن كېيىن، پۈركۈگۈچ ئاتۇۋېرتكا بىلەن ئارىلاشتۇرۇش بۆلۈمىگە كىرگۈزۈلىدۇ. ئەمما ئۇ قاينىقسۇ تۇرۇبىسىنىڭ تۆشۈكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. قاينىقسۇ تۇرۇبىسىنى ئورناتقاندا چوقۇم بىر ئاز ماي (سىر بولسىمۇ بولىدۇ) سۈركەپ قويۇش ھەم يەل قاچىماسلىقى ئۈچۈن رېزىنكىغا ئازراق چىگە ئوراش كېرەك. قاينىقسۇ تۇرۇبىسىنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا رېزىنكا ياكى سۇلياۋ شىلانكا ئۇلىنىدۇ. دوش قوراشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئاشخانا ياكى خالادىكى سۇ تۇرۇبىسىغا ئورنىتىشقا بولىدۇ. ئەگەر ھەر قېتىملىق يۇيۇنۇشتا ۋاقىتلىق ئورنىتىشقا توغرا كەلسە، دوشنىڭ ھەر ئىككى ئۇچىغا رېزىنكا شىلانكا بېكىتىپ، شىلانكىلارنىڭ بىرسى سۇ تۇرۇبىسىنىڭ جۈمىكىگە ئۇلاپ قويۇلسىلا بولىدۇ. يۇيۇنغاندا، قاينىقسۇ شىلانكىسىنى قاينىقسۇغا چىلاپ، تۇرۇبا سۈيىنى قويۇۋېتىلسىلا ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. تۇرۇبا كىلاپىنىنى چوڭ - كىچىك ئېچىش ئارقىلىق سۇ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشىگىلى بولىدۇ. كىلاپان چوڭ ئېچىلغاندا سۇ سوغاقراق، كىچىك ئېچىلغاندا ئىسسىقراق بولىدۇ.

جۇرئەت قادىر تەرجىمىسى

ئېقىپ چىققان دورىلار ئادەم بەدىنىگە تېگىپ كېتىش تۈپەيلىدىن تېرىدىن بەدەنگە سىڭىپ كىرىپ زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دورىلار كۆپىنچە كۈندۈزى چېچىلىدۇ. كۈندۈزىنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغاچقا دورىنىڭ تۇمانلانغان دانىچىلىرى ھاۋادا لەيلەپ يۈرىدۇ ۋە ئادەمنىڭ ئېغىز، بۇرنى ئارقىلىق بەدەنگە سىڭىپ كىرىپ زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دورا چېچىلىپ بولغاندىن كېيىن يۈز - قولنى يۇماي تۇرۇپ تاماكا چەككەندە ياكى باشقا نەرسىلەرنى يېگەندىمۇ ئاسانلا زەھەرلىنىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ. زەھەر ئېغىرراق بولسا ئۆلۈم خەۋپى تۇغۇلىدۇ.

دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن زەھەرلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

1. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى سېتىۋېلىش، ساقلاش ۋە ئىشلىتىشكە مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولۇش ھەمدە زۆرۈر بولغان باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك.

2. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن دورىنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئوبيېكتى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى، ئىشلىتىشنىڭ مۇۋاپىق پەيتى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئېنىق بىلىۋېلىش كېرەك.

3. بىخەتەر دورا ئىشلىتىش مەشغۇلات قائىدىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەك. دورا ئىشلىتىشتىن بۇرۇن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش، يەنى، دورا چېچىش سايمانلىرىنى تولۇق تەكشۈرۈش، ماسكا، لۆڭگە، پەلەي، سوپۇن قاتارلىق مۇھاپىزەت بۇيۇملىرىنى تەييارلاش لازىم. دورا تەگكەن ۋە دورا چاچقان خادىملار ئۇزۇن يەڭلىك خالات، ئۇزۇن شىم، ئاياق، پەلەي كىيىشى ۋە ئېغىزغا ماسكا تاقىۋېلىشى لازىم. دورا تەگكەندە شامال ئۇرۇۋاتقان تەرەپكە كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ ئىشلەش، دورا چاچقاندا شامالنىڭ يۆنىلىشىگە ئەگىشىپ چېچىش كېرەك. شامال كۈچلۈكرەك بولسا دورا چېچىشنى توختىتىش كېرەك. دورا چېچىش جەريانىدا تاماكا چەكمەسلىك، نەرسە - كېرەك يېمەسلىك، يۈز - كۆزنى يۇماسلىق كېرەك.

4. دورا چېچىلىپ بولغاندىن كېيىن يۈز - قولنى دەرھال سوپۇن بىلەن پاكىز يۇيۇپ، كىيىمنى ئالماشتۇرۇۋېتىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىرەر نەرسە يېيىشكە بولىدۇ. لېكىن ھاراق ئىچىشكە قەتئىي بولمايدۇ. تېمپېراتۇرا قانچە يۇقىرى بولسا دورىنىڭ ئۈنۈمى شۇنچە تېز بولىدۇ، شۇڭا ھاۋا ئىسسىق كۈنلىرى دورا چاچقاندا، بىخەتەرلىككە تېخىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.

5. دورىسىنى ئىشلىتىپ بولغان قۇرۇق قۇتىلارنى يىغىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. قالايمىقان تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ماي ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى قاچىلاشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، دەرھال قۇتقۇزۇش تەدبىرى قوللىنىش، ئالدى بىلەن زەھەرلەنگۈچىنى شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايغا يۆتكەش، كىيىملىرىنى تېزدىن ئالماشتۇرۇش لازىم، ئاندىن سوپۇن سۈيى ياكى ئىلمان سۇ بىلەن زەھەرلەنگۈچىنىڭ تېرىسىنى پاكىز يۇيۇش ۋە دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىش كېرەك.



# دېخانچىلىق دورىلىرى ھەققىدە ساۋات

## تىرادىمفون

تىرادىمفون (فېنشۇنىڭ) — بايلېتان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئەسلى دورا رەڭسىز كىرىستال بولۇپ، كۆپ خىللىق ئورگانىك ئېرىتكۈچى ماددىلاردا ئېرىيدۇ. سۇدا ئاسان ئېرىمەيدۇ.

تىرادىمفون — زەھەرى تۆۋەن، ئىچىدىن تەسىر قىلىشى كۈچلۈك بولغان بىر خىل مىكروپ يوقاتقۇچى دورىدۇر، چوڭ ئاق چاشقاننىڭ ھەر كىلوگرام تەن ئېغىرلىقىغا $LD_{50}$ 1000 — 1500 mg دىن، ئەركەك كىچىك چاشقانغا 989 mg، چىشى كىچىك چاشقانغا 1071 mg، چىشى توشقانغا 500 mg، ئىتقا 500 mg بېرىلسە جىددى زەھەرلىنىدۇ.

ھەسەل ھەرىسىگە زىيىنى يوق.

ھازىر، تىرادىمفوننىڭ 25% لىك نەملەنگۈچى پاراشوكى ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

تىرادىمفوننىڭ ئاساسەن ئاق تۇزاڭ كېسىلى، ھال كېسىلى، چىپار يوللۇق ۋىرۇس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىشتىكى ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى، توپ يىلتىزدىن يوقىتىشتىمۇ ئۈنۈمى بار، ھەر مو يەرگە ھەر قېتىمدا 25% لىك نەملەنگۈچى پاراشوكتىن 30 گىرام ئىشلەتسە بولىدۇ، قوغۇن - تاۋۇز ۋە بۇغداينىڭ ئاق تۇزاڭ كېسىلى، ھال كېسىلىگە ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى 90% ئۆپچۆرىسىگە يېتىدۇ. دورىنىڭ ساقلىنىش ئۈنۈمى 3 — 4 ھەپتىگىچە بارىدۇ. بۇغداي تۆرىدىكى زىرائەتلەرنىڭ قىزىل پاختىلىشىش كېسىلىگە ئىشلەتكەندە ئاساسەن ئۈنۈمى بولمايدۇ. بۇ، زەھەرى تۆۋەن دورا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى باشقۇرۇش ۋە بىخەتەر ئىشلىتىشكە ياخشى دىققەت قىلىش لازىم.

## گىلىپوسات

گىلىپوسات (ساۋگەنلىن) — يېڭى تىپتىكى ئۈنۈمى يۇقىرى، زەھەرى تۆۋەن، قالدۇق زەھەرى يوق، ئوت يوقىتىش دائىرىسى كەڭ بىر خىل ئوت - چۆپ يوقاتقۇچى دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چەتئەللەردە بۇنى ھەيدەلمىگەن يەر ياكى ھەيدىمەي تېرىلىدىغان يەرلەردە ئوت - چۆپ يوقىتىدىغان دورا سۈپىتىدە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىمەكتە.

گىلىپوسات تەركىۋىدە فوسفورلۇق ئامىنو كىسلاتاسى بولۇپ، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار، بېلىقلار، سازاڭ، ھەسەل ھەرىلىرىگە زىيىنى يوق، تۇپراقتا ئاسان پارچىلىنىپ قالدۇق زەھەر قالدۇرمايدىغان، بىخەتەرلىكى يۇقىرى بىر خىل ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسىدۇر.

گىلىپوسات — يوپۇرماق ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدىغان دورا بولۇپ، يوپۇرماقتا ناھايىتى ياخشى سىڭىپ كىرىش ۋە تارقىلىش رولىغا ئىگە. بىر يىللىق كەڭ يوپۇرماقلىق ۋە تار يوپۇرماقلىق ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىش ئۈنۈمى روشەن بولىدۇ. كۆپ يىللىق چوڭقۇر يىلتىزلىق ئوتلار، لەشلەر، كىچىك چاتقاللارغا نىسبەتەنمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە بولۇپ، چوڭقۇر يىلتىزلىق زەھەرلىك ئوتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قۇرۇق ئېتىزلاردا ئىشلىتىلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك دورىدۇر.

گىلىپوسات — ئۆلتۈرۈپ يوقاتقۇچى دورا بولۇپ، زىرائەتلەرنىڭ ئىچىدىكى يۇمران توقۇلمىلار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەيدۇ، ئېغىرراق بولغاندا ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا دورا چاچقاندا، پۈركۈگۈچنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ چېچىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، دورىنى زىرائەتلەرنىڭ ئۈچىدىكى بىخلارغا چېچىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. كەڭ مەيدانلارغا ئىشلىتىشتە دورا كۈچىنىڭ مىقدارىنى ئۆلچەش زۆرۈر.

گىلىپوساتنى ئىشلىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى — ياۋا ئوتلارنىڭ ئەمدىلا يەردىن

غول تارتىپ چىققان ۋاقتى ياكى ئۇرۇقلىرى بىخلىنىپ تۆپلىنىشكە ۋە ياكى باراخسان شاخلىغان پەيتلىرى بولۇپ كۈنىنىڭ ئوچۇق ۋاقتىنى تاللاپ، يوپۇرماقلىرىغا پۈركۈش لازىم. ئىشلىتىش مىقدارى — يوپۇرماقلىرىغا تەكشى تارقىلىپ، تۇمان تامچىلىرى بولغان ئەمما ئېقىپ چۈشمىگۈدەك دەرىجىدە بولغىنى ياخشى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، بىر يىللىق ياۋا ئوت - چۆپلەر بار يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا ئىشلىتىدىغان ئۈنۈملۈك تەركىۋى 75 — 100 گىرام (تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، كۆپ يىللىق ئوت - چۆپ بار يەرلەر ھەر موسىغا 150 — 200 گىرام ئىشلەتسە بولىدۇ. كۆپ يىللىق چوڭقۇر يىلتىزلىق ئوت - چۆپلەرگە ئىشلىتىدىغان ئومۇمى دورا مىقدارىنى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ، ئىلگىرى - كېيىن پۈركىسە ئوت يوقىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

گىلپوسات تۇپراقتىكى مېتائىيونلىرى بىلەن ئوڭايلا بىرىكمە ھاسىل قىلىۋېلىش ئارقىلىق ئۆز كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇڭا يۇمشاق توپا بىلەن ئارىلاشتۇرۇشقا ياكى تۇپراقنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## ئىزوپىروخىنۇلان

ئىزوپىروخىنۇلان (فۇشى يىخاۋ) — ياپونىيە دېھقانچىلىق دورىلىرى جەمئىيىتى ئىشلەپچىقارغان. شال ۋاباسىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنى يوقىتىدىغان يېڭى بىر خىل دېھقانچىلىق دورىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ دورا سىڭىپ يۆتكىلىش خۇسۇسىيىتىگە، ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش رولىغا ئىگە، بۇ دورىنىڭ ئۈنۈمى ئۇزاققىچەساقلىنىدۇ، بىخەتەرلىكى خېلىلا يۇقىرى.

ئىزوپىروخىنۇلان زەھىرى تۆۋەن دېھقانچىلىق دورىسىغا كىرىدۇ، بۇنىڭ 40% لىك ئاق نەملىنىشچان پاراشۇكى، 40% لىك ئىمۇلسىيىسى ۋە 12% لىك دانچە دورىسىدىن ئىبارەت خىللىرى بار. ھازىر، ئېلىمىزدە كېڭەيتىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقىنى 40% لىك نەملىنىشچان پاراشۇكى بىلەن 40% لىك ئىمۇلسىيىدىن ئىبارەت.

ئىزوپىروخىنۇلاننىڭ باشاق بوينى ۋاباسى ۋە يوپۇرماق ۋاباسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇلارنى يوقىتىشتا 80% ئۈنۈمى بار. ھەر مو يەرگە 40% لىك نەملىنىشچان پاراشۇكتىن 1.4 ~ 1.6 سەر، ياكى 40% لىك ئىمۇلسىيىدىن 7 — 8 سانتىلىتىر (ئىزاھات: بىر سانتىلىتىر 0.01 لىتىرغا تەڭ) ئىشلەتسە بولىدۇ. باشاق بوينى ۋاباسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئىشى شال پوقاق بولۇش مەزگىلىدە باشلىنىدۇ، بۇنىڭدا، ئىككى قېتىم دورا چېچىلسا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ؛ يوپۇرماق ۋاباسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، تۆۋەنكى قىسمىدىكى يوپۇرماقلاردا ئۇششاق كېسەللىك داغلىرى پەيدا بولغاندا دەرھال دورا چېچىش لازىم. (مىقدارى يۇقۇرقى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ)، ئەگەر، 40% لىك نەملىنىشچان پاراشۇكنى ئىشلەتسە ھەر مو يەرگە كەتكەن دورىنىڭ تەننەرقى تەخمىنەن 1.20 يۈەن بولىدۇ. ئىزوپىروخىنۇلاننى ئىشلەتكەندە ئېتىزدا سۇ قاتلىمى بولۇش لازىم. دورىنى ئىشقار خاراكتېرلىق بولمىغان دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. دورىنى ئىشلەتكەندە بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش، دورا چاچقان خادىملار مەشغۇلاتتىن كېيىن ئېغىزىنى چايقاش لازىم. بۇ دورىنى قۇرغاق، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان سالقىن جايدا ساقلاش لازىم. ئىچىملىكلەرگە ئارىلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ناۋادا ئۇقۇشماسلىقتىن ئىچىملىكلەرگە ئارىلىشىپ ئىستېمال قىلىۋېتىلگەن بولسا ئاشقازاننى دەرھال تۇز سۈيى بىلەن يۇيۇش، دوختۇرغا كۆرسىتىپ داۋالىتىش لازىم. دورا ئېرىتمىسىنى بېلىق كۆللىرىگە ۋە سۇغا تۆكۈشكە يول قويماسلىققا دىققەت قىلىش لازىم.

سالاۋات ئەخمەت تەرجىمىسى

# ئورمان ساقچىسى ـ كاككۇك

كاككۇك كەچتە، بولۇپمۇ ئايدىڭ كېچىدە
ئاڭ ئاتقىچە تىنىماي سايرايدۇ، ئۇ باشقا قۇش-
لارنىڭ ئۇۋىسىدا تۇغىدۇ ۋە تۇخۇم باسىدۇ.
كاككۇك ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق قۇش
بولۇپ، ئۇ قۇرۇت - قوڭغۇزلارنى يېيىشكە، بو-
لۇپمۇ قارىغاي قۇرۇتىنى يېيىشكە بەكلا خۇش-
تار. قارىغاي قۇرۇتىنىڭ پۈتۈن بەدىنى زەھەرلىك
بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان قۇشلار ئۇنى
يېمەيدۇ. بىراق كاككۇك ئۇنى تۇتۇپ يەيدۇ.

ئېنىقلىنىشىچە كاككۇك سائەتىگە 100 دىن
ئارتۇق قارىغاي قۇرۇتىنى يەيدىكەن. بۇنىڭ-
دىن باشقا يەنە قارىغاي كېپىنىكى، قارىغاي
ھەرىسى، قوڭغۇز قاتارلىق ئورمانغا زىيان
يەتكۈزىدىغان زىيانلىق ھاشارەتلەرنىمۇ يەي-
دىكەن. كاككۇكنىڭ باچكىسىمۇ ئورمانغا زى-
يان يەتكۈزىدىغان جانىۋارلارنى يەپ جېنىنى
باقىدىكەن. ئوپېراتسىيە قىلىش نەتىجىسىدىن
قارىغاندا، كاككۇكنىڭ بىر باچكىسى ھەر كۈنى
18 كىچىك كەسلەنچۈك، 39 چېكەتكە، 3 كېپى-
نەك، 43 چىۋىن، 5 مايلىق قۇرۇت، 4 ئۆمۈ-
چۈك، 50 بۆرگە



يەيدىكەن، سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئىلمىي تەتقىقات-
چىلىرى كاككۇك-
نىڭ ئورمانىنى
كېپىنەك قۇرۇتى-
نىڭ زىيىنىدىن
ساقلاپ قالدى-
غانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئورماندىكى نۇر-
غۇنلىغان زەھەرلىك ئۆششاق قۇرۇتلارنى يەي-
دىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. تەجرىبە نەتى-
جىسىدە كاككۇكنىڭ قوسىقىدىن نۇرغۇنلىغان
زىيانداش ھاشارەت جانىۋالار چىققان.

خەلىم خەمزە تەرجىمىسى

# ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى ئەڭ ئېغىر بولىدىغان جاي

ئامېرىكىدىكى بىر خىزمەتچى خادىم مۇن-
داق بىر تەجرىبە قىلغان: ئۇ «ھاۋادىكى
بولغىنىشنى ئۆلچەش ئەسۋابى»نى ئۆزى بىلەن
بىرگە ئېلىپ يۈرۈپ، ھەممە يەرنى ئايلانغان،
سىناپ كۆرۈش نەتىجىسىدە، چاڭ - توزاڭ-
نىڭ قويۇقلۇقى ئەڭ زىچ بولغان جاينىڭ
كوچا ياكى زاۋۇت رايونىمۇ بولماستىن، بەل-
كى ئۆزىنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان.
تەھلىل قىلىنىشىچە، ئۆي ئىچىدىكى بۇلغىنىش
ئاساسەن، كۆمۈر گازى كۆيدۈرۈلگەندە سالا-
مەتلىككە ئىنتايىن زىيانلىق بولغان كۆپ
خىلدىكى گاز جىسىملىرىنىڭ ھاۋاغا قوشۇلۇ-
شى؛ كىرسىن ئوچاقتىن كاربون ئوكسىدى ۋە
سۇلفۇر دى ئوكسىدى قاتارلىق گازلارنىڭ چى-
قىشى؛ بۇلاردىن باشقا، ئۆي ئىچىدە تاماكا
چېكىشنىڭ ھاۋانى زور دەرىجىدە بۇلغىشى
قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان. ستا-
تىستىكا قىلىنىشىچە، بىر ئادەم ئۆي ئىچىدە
توختىماي تاماكا چەكسە، ھاۋانىڭ بۇلغى-
نىش دەرىجىسى بىر زاۋۇتنىڭ بىر سوتكا ۋا-
قىت ئىچىدە چىقىرىشقا تېگىشلىك ئومۇمى
بۇلغاش مىقدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ
كېتىدىكەن.

زۇنۇن باقى تەرجىمىسى

# سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇقنىڭ رولى

ئۇرۇق — ئىنسانلارنىڭ مۇئەييەن ئېكولوگىيە ۋە ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ ئىجات قىلغان مەلۇم زىرائەتنىڭ بىر خىل ئومۇمىي تۈپى بولۇپ، ئۇ مۇقىم ئىرسىيەت ۋە نىسبىي بىردەكلىككە ئىگە.

تېرىپ ئۆستۈرۈش شەرت - شارائىتى بولغان مەلۇم رايوندا سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇقنىڭ مەھسۇلاتى، سۈپىتى ھەم ماسلىشىشچانلىقى ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىگە بىر قەدەر ئۇيغۇن كەلگەن بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇقنى ئۆز جايىدا تېرىسا مەھسۇلات ئېشىپ، باشقا جايدا تېرىسا مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىدۇ؟ چۈنكى ئۇرۇقنى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تاللايدىغانلىقتىن، ئۇنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى ۋە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچى مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. بۇ، ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

1. ئۇرۇق تېمپېراتۇرا، قۇياش نۇرى ۋە ھۆل - يېغىندىن ئىبارەت تەبىئىي شارائىت ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىغا قاراپ تاللىنىدۇ. ئۇرۇقنىڭ ماسلىشىشچانلىقى رايون خاراكتېرلىك بولىدۇ ھەمدە ئۇ بەلگىلىك تېرىپ ئۆستۈرۈش شارائىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان سورتلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ھەر خىل بولىدۇ، لېكىن بىر خىل ئۇرۇق ھەممىلا يەرگە تېرىپ ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىۋەرمەيدۇ.

2. سۈپەتلىك سورتلاردىن پايدىلىنىش مەلۇم ۋاقىت خاراكتېرىگە ئىگە، چۈنكى ھەر بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ھاۋا كېلىماتى ۋە تېرىپ ئۆستۈرۈش شەرت - شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، سورتلارغىمۇ يېڭى تەلەپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم رايوندا ئۈنۈمدارلىقى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان تۇپراقتا تېرىپ ئۆستۈرۈشكە چىداشلىق بېرەلەيدىغان بۇغداي سورتىدىن سۇ، ئوغۇت شارائىتى بىر قەدەر ناچار بولغان ئەھۋالدىمۇ مۇقىم، يۇقىرى مەھسۇلات ئالغىلى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن شۇ جاينىڭ سۇ، ئوغۇت شارائىتى ياخشىلانغاندىن كېيىنمۇ بۇغداي تۈپلىرى يېتىلىپ، باشىغى دانلىيالماي مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ھەر قانداق بىر خىل سورتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا پايدىلىنىش مەزگىلى چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

3. سۈپەتلىك سورتنىڭ خۇسۇسىيىتى: خۇسۇسىيىتى بىردەكلىككە ئىگە بولۇشى لازىم. مەسىلەن، پاختا سورتى تالاسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ناۋادا رەتلىك ۋە بىردەك بولسا ھەمدە ئۇنىڭ ئۆسۈش ئېگىزلىكى بىردەك، پىشىش ۋاقتى ئوخشاش بولسا، توقۇمىچىلىق سانائىتىدە پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئاسان بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىشمۇ قولايلىق.

سۈپەتلىك سورتلار مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا، تېرىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇنداقتا، سۈپەتلىك سورتلارنىڭ رولىنى قانداق قىلغاندا تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟

بىرىنچىدىن، سۈپەتلىك ئۇرۇقنى ھەر بىر جاينىڭ تېرىپ ئۆستۈرۈش شارائىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا قاراپ تاللاش ھەمدە سورتنى شۇ جايدا ئېرىشكەن سىناق نەتىجىسىگە

# ئەتىيازدا تىكىلگەن كۆچەت ئاسان ئۆتىدۇ

تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش ياكى تۇتماسلىقىدىكى ئاچقۇچ ئۇنىڭ يىلتىز سىستېمىسىنىڭ سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تۇراقتىن ئۈزلۈكسىز تۈردە شۈمۈرۈش - شۈمۈرەلمەسلىكىگە باغلىق.

دەل - دەرەخلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسىدا بىر يۇرۇش ئۆزىراپ يىلتىز تارتىش قانۇنىيىتى بولۇپ، بۇ، يەرنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى شاخچىلەرنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئوخشىمايدۇ. دەل - دەرەخلەر بىر يىل ئىچىدە ئەڭ ياخشى يىلتىز تارتىدىغان پەسىل باش ئەتىياز پەسلى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئۆلچەش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقۇرى كۆتىرىلىپ، 13°C قا يەتكەندىمۇ، بىر قىسىم دەل-دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى يەنىلا بىخ چىقارمايدۇ، ئەمما، دەل بۇچاغ دەل - دەرەخلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى ئۆزىراپ يىلتىز تارتىشقا باشلىغان چاغ بولىدۇ.

دەل - دەرەخلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى ئۆزىراپ، يىلتىز تارتىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، ئاندىن يەرنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى شاخچىلەر بىخلىنىپ يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلايدۇ. دەل - دەرەخلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆزىراپ يىلتىز تارتىش سۈرئىتى ئادەتتە يەرنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى شاخچىلارنىڭ ئۆسۈشىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، يەرنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى شاخچىلار تازا ئۆسۈش باسقۇچىغا كىرگەندە، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆزىراپ يىلتىز تارتىشى «ۋاقىتلىق توختاش» ھالىتىگە كىرىدۇ. كۈزدە دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆزىراپ يىلتىز تارتىشى يەنە بىر قېتىم يۇقۇرى پەللىگە كۆتىرىلىدۇ، بۇ تاكى يەر توڭلىغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.

دەل - دەرەخلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسىنىڭ بۇ خىلدىكى ئۆزىراپ يىلتىز تارتىش قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشتا، كۈزدە دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەندە ياكى ئەتىيازدا شاخچىلەر بىخلىنىشتىن ئىلگىرىدىكى مەزگىل ئەڭ مۇۋاپىق مەزگىل بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بولۇپمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەتىيازدا تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ، چۈنكى، بۇ مەزگىل ئۆزىراپ يىلتىز تارتىدىغان مەزگىل بولغاچقا، تىكىلگەن كۆچەتلەر ناھايىتى تېزلا يىلتىز تارتىپ، يىلتىز سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

غوپۇر ھوشۇر

ئاساسەن بېكىتىش لازىم. ھەر قانداق بىر خىل سورتنىڭ ماسلىشىشچانلىقى رايون خاراكتېرلىك بولۇپ، ئەگەر بۇ دائىرىدىن چەتنەپ كەتسە، مەھسۇلات تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، مەلۇم بىر رايوندا بىرەر خىل سورتنى تېرىپ ئۆستۈرۈشنى بېكىتىشتىن ئىلگىرى، ئۇنى سىناق قىلىپ تېرىپ ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن تونۇشۇش ھەمدە پايدىلىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، باشقا سورتلارنى مۇۋاپىق ھالدا ماسلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، سورتلارنىڭ مەھسۇلاتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغىلى، ئەمگەك كۈچلىرىنى مەلۇم نىسبەتتە تەڭشىگىلى بولىدۇ.

ئابدۇرېھىم مامۇت

«پەن ـ تېخنىكا ئاشمىلىقلىرى»

## ئاۋاز ئارقىلىق كونترول قىلىنىپ يورۇتىلىدىغان سائەت

بۇ بىر خىل ئاۋاز ئارقىلىق كونترول قىلىنىپ يورۇتۇلىدىغان سائەت. سائەتنىڭ ئىچكى قىسمىغا يورۇتۇش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلغان. بۇ قۇرۇلما ئاۋاز ئۇزۇتۇش ئىندوكتورى بىلەن كونترول قىلىنىدۇ. كىشىلەر قاراڭغۇدا سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى كۆرمەكچى بولسا، پەقەت بىر سېكۇنت ئەتراپىدا داۋاملىشىدىغان «ھۇشت» قىلغان ئاۋاز چىقارسىلا، سائەتنىڭ يورۇتۇش چىرىغى شۇئان يورۇيدۇ. «ھۇشت» قىلغان ئاۋازنىڭ چاستوتىسى تەخمىنەن 8000 گېرتس ئەتراپىدا بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئاۋاز دائىرىسىدە ئۇ ئەڭ يۇقىرى دولقۇنغا كىرىدۇ. ئاۋاز ئۇزىتىش ئىندوكتورىغا پەقەت 8000 گېرتسلىق ئاۋاز تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئادەتتە قىلىشقان گەپلىرى يورۇتۇش قۇرۇلمىسىغا تەسىر كۆرسەتەلمەيدۇ، شۇڭا كىشىلەر بۇنىڭدىن تولۇق خاتىرجەم بولىدۇ.

## ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىل

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يوللاردىكى ئاپتوموبىللارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىشى بىلەن ئاپتوموبىللار تېز يۈرەلمەيدىغان بولۇپلا قالماستىن، ئاپتوموبىل قويىدىغان مەيدان تېپىشمۇ ناھايىتى تەس بولۇپ قېلىپ شەخسىي ئىشلىتىدىغان كىچىك ئاپتوموبىللار ئۇشۇقچە يۈك بولۇپ قالماقتا.

ياپونىيە فىگتىيەن ئاپتوموبىل شىركىتى بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر خىل ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىلنى ئالاھىدە لايىھىلەپ ياساپ چىقتى. بۇ ئاپتوموبىلنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى خۇددى چامادانغا ئوخشاش بولۇپ، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 20 كىلوگىرام كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە قىلىپ كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىل ئورنىتىلغان. سىرتقا چىققاندا ياكى خىزمەتكە ماڭغاندا، يول ياقىسىدا چامادانني ئېچىشقا بولىدۇ. چامادانىنىڭ ئاغزى قىسمىغا رول ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىككى پۇتىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بولىدۇ.

چامادانغا ماتور ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورۇندۇق بېكىتىلگەن. ئاستى تەرىپىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە چاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ كىچىك ئاپتوموبىل قۇراشتۇرۇلغاندىن كېيىن سائىتىگە 40 كىلومېتىر يول يۈرەلەيدۇ.

كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكەندىن كېيىن ئۇنى قاتلاپ، چامادانغا ئورۇنلاشتۇرۇپلا، ئۇدۇللا خىزمەتكە چۈشۈشكە بولىدۇ. ئاپتوموبىل قويىدىغان مەيدان ئىزدەشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ.

قادىر نىياز تەرجىمىسى

## ئۇنئالغۇنى رەڭلىك تېلېۋىزورنىڭ يېنىدا قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس

رەڭلىك تېلېۋىزورنىڭ سۈرەت لامپىسىغا
تاق فازىلىق 3 دەستە ئېلېكترون مىلتىقى
قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار تارقاتقان ئې-
لېكترون دەستىلىرى ئېكراندىكى بىرىكىپ ھا-
سىل بولىدىغان رەڭلىك سۈرەتنى روشەنلەش-
تۈرىدۇ. يالتىراق ئېكرانغا يېقىن ئورۇنغا
بىر پارچە ئالاھىدە بولوت ماتېرىيالىدىن ئىش-
لەنگەن رىشاتكىسىمان تور قۇراشتۇرۇلغان،
ئۇ 3 دانە ئېلېكترون دەستىسىنى ھەر قاي-
سىسىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان يالتىراق
نۇر كىچىك نۇقتىلىرىغا دەل تەككۈزىدۇ. بۇ
رىشاتكىسىمان نۇر نورمال ئەھۋال ئاستىدا
ماگنىتلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمايدۇ. ئە-
گەر رادىيو قوبۇللىغۇچ ۋە ئۈنئالغۇ قاتارلىق
ماگنىت مەيدانىغا ئىگە بۇيۇملار رەڭلىك
تېلېۋىزورغا يېقىن قويۇلسا، رىشاتكىسىمان
تورنى قىسمەن دائىرىدە ماگنىتلاپ قويىدۇ-
دە، ئېكراندىكى سۈرەتنىڭ رەڭگىدە ئەينەن-
سىزلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ياكى سۈرەت-
نىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئۆچمەيدىغان رەڭلىك
داغلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
رادىيو قوبۇللىغۇچ، ئۈنئالغۇ قاتارلىق ماگنىت
مەيدانىغا ئىگە بۇيۇملارنى رەڭلىك تېلېۋى-
زورنىڭ يېنىدا قويماسلىق لازىم.

قەھرىمان تەرجىمىسى

ۻۻۻۻۻۻۻۻۻۻ

## يېڭى تىپتىكى تېلېفون ئاپاراتى

ۋوردو، دېسىن دۇنيا كەنتىگە جاي-
لاشقان يېڭى شىردۇن مېھمانخانىسىغا يېقىندا
بىر خىل يېڭى تىپتىكى تېلېفون ئورنىتىلدى.
بۇ خىل «UTX» بەش يۈلتۈز تىپلىق تېلېفون
ئاپاراتىدىكى 35 كونۇپكا ئادەتتىكى تېلې-
فونلاردىكى 12 كونۇپكىنىڭ رولىنى ئۆتىگەن-
دىن سىرت، ئۇ ئادەتتىكى تېلېفونلارغا قارى-
غاندا كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە. مەسىلەن:
بىر مۇنچە مېھمانخانىلارغا ئوخشاش خېرىدارلار
تېلېفوندىكى كونۇپكىلارنى بېسىش ئارقىلىق
تاماق بۇيرۇتالايدۇ، سىمىنا باشلىقى ۋە كۈتكۈ-
چى خادىملارنى ياكى دوختۇرلارنى چاقىرالايدۇ
ھەتتا ئۆيىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشىيەلەيدۇ.
شامالدۇرغۇچنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى ئۆز-
گەرتەلەيدۇ ۋە تېلېۋىزور دولقۇنىنى يۆتكى-
يەلەيدۇ. ئەگەر مېھمان ئىشىكنى ئېتىشنى
ئۇنتۇپ قالسا، تېلېفون ئاپاراتىدا قىزىل
چىراق يانىدۇ. بۇ خىلدىكى تېلېفونلار ئىش
سېزىش سىستېمىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان
بولۇپ، مېھمانخانىدا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ
قالسا، تېلېفون ئاپتوماتىك ھالدا مېھمانخا-
نىنىڭ ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىگە خەۋەر بې-
رىدۇ ھەمدە ئۆزىدىكى ئاۋاز كۈچەيتكۈچ ئار-
قىلىق مېھمانخانىلارغا قوغدىنىش بۇيرۇقى
بېرەلەيدۇ. بۇ خىل تېلېفوننى ئىشلىتىپ كۆ-
رۈپ، ئۇنىڭغا «بۇ — دۇنيا بويىچە ئەڭ
ئەپچىل تېلېفون، ئۇ بىزنىڭ ھەممە ئېھتىياجى-
مىزنى قاندۇرالايدىكەن» دەپ باھا بېرىشكەن.

# دۇنيادا ئەڭ

▲ مېكسىكىنىڭ ئويابارۇ شىتاتىدا، دۇنيا بويىچە ئەڭ يوغان بىر خىل دەرەخ ئۆسكەن بولۇپ، ئۇنىڭ يەر يۈزىدىن 1.52 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئايلانمىسى 34.4 — 34.1 مېتىر كېلىدىكەن.

▲ ھىندى ئوكياننىڭ ماسكارىن تاقىم ئارىلىدا بىر خىل كاۋچۇكلۇق كاكوس دەرىخى، جەنۇبىي ئامېرىكا ئامازون ۋادىسىدىن بىر خىل يامغۇكسىمان كاكوس دەرىخى تېپىلغان بولۇپ، يوپۇرمىقى دۇنيادا ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدىكەن. بۇ يوپۇرماقلارنىڭ ئەڭ چوڭى 19.81 مېتىر، يوپۇرماق سېپىغى 3.96 مېتىر كېلىدىكەن.

▲ 1880 - يىلى ياۋروپادىن تېپىلغان ئاۋجال دەرىخىنىڭ ئېگىزلىكى 114.3 مېتىر كېلىدىكەن.

▲ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىدا لاپلاسىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭدىن دائىرىسى 91 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.9 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 7 كىلوگىرام كېلىدىغان گۈل ئېچىلىدىكەن.

▲ ھىندى ئوكيان سېيشېل تاقىم ئارىلىدىكى بىر خىل كاكوس دەرىخىنىڭ مېۋىسى 18 كىلوگىرام كېلىدىكەن.

▲ دېڭىز يۈزىدىن 6135 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھىمالايا تاغ تىزمىلىرىدا بىر خىل چىنىگۈل تېپىلغان بولۇپ، ئەڭ ئېگىز جايدا ئۆسكەن ئۆسۈملۈك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

▲ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېغىر تاۋۇزنى ئامېرىكىنىڭ شىمالىي كارولىنا شىتاتىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى ۋىيكىس 1975 - يىلى يېتىشتۈرۈپ چىققان بولۇپ، ئېغىرلىقى 179 جىڭغا يەتكەن.

▲ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېغىر قوغۇن 38.4 جىڭ بولۇپ، بۇنىمۇ ئامېرىكىلىق ۋىيكىس يېتىشتۈرگەن.

▲ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېغىر كاۋا 465.8 جىڭ بولۇپ، بۇنى ئامېرىكىلىق پولى دېگەن كىشى 1977 - يىلى يېتىشتۈرگەن.

▲ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن تەرخەمەك (خاڭگا) 170 سانتىمېتىر بولۇپ، بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر نەپەر ئىشتىن سىرتقى ئوزۇق يېتىشتۈرگۈچى كىشى 1980 - يىلى يېتىشتۈرگەن.

▲ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېغىر شوخلا 6.4 جىڭ بولۇپ، بۇنى ئامېرىكىلىق كرالۇنس. دەيلى دېگەن كىشى يېتىشتۈرگەن.

▲ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن مۇچ (لازا) 44.3 سانتىمېتىر بولۇپ، بۇنى ئامېرىكىلىق روزىبىرفورد دېگەن كىشى يېتىشتۈرگەن.

▲ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېغىر پىياز 6 جىڭ بولۇپ، بۇنى شوتلاندىيىلىك پوبېي. روج دېگەن كىشى يېتىشتۈرگەن.

▲ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ سامساق 2 جىڭ بولۇپ، بۇنى ئامېرىكىلىق بىر ئاگرانوم ئېيىپىرى دېگەن كىشى 1981- يىلى يېتىشتۈرگەن.

▲ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز ئۆسكەن، ئەڭ كۆپ مېۋە بەرگەن پىتىنگان (چەيزە) نى ياپونىيەلىك بىر ئايال ئۆستۈرگەن، بۇنىڭ ئېگىزلىكى 200 سانتىمېتىرغا يېتىپ جەمئىي 300 دانە پىتىنگان چۈشكەن.

ئابلەت جامال تەرجىمىسى



# مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تەبىئىي ئاسىراش رايونى

قارامىلى تېغى تەبىئىي ئاسىراش رايونى — شەرقىي مېرىدىيان ′00°90 ~ ′30°88، شىمالىي پاراللېل ′00°46 — ′40°44 ئارىلىقىدا بولۇپ، بوغدا تېغىنىڭ شىمالىدىكى پۈكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ ئۈچ ناھىيىنىڭ شىمالىي قىسمى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى چىڭگىل، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي ئۈچ ناھىيىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان.

بۇ تەبىئىي ئاسىراش رايونىنىڭ غەربتىن شەرققىچە بولغان كەڭلىكى 117.5 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 147.5 كىلومېتىر، پۈتۈن رايون بىر پاراللېل تۆت تەرەپلىككە ئوخشايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 17331 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۆلىتىمىز ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %0.18 نى، 106 ئېكولوگىيىلىك ئورمان سىستېمىسى ۋە ياۋايى ھايۋاناتلارنى تەبىئىي ئاسىراش رايونى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1/2.5 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تەبىئىي ئاسىراش رايونىنىڭ كۆلىمى ئۈچ شاڭخەي شەھىرىگە باراۋەر كېلىدۇ. قارامىلى تېغى مۇشۇ رايوننىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، غەربتىن شەرققىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 90 كىلومېتىر، شىمالى بىلەن جەنۇبىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 40 — 20 كىلومېتىر، نىسبىي ئېگىزلىك پەرقى 400 — 200 مېتىر، ئەڭ ئېگىز چوققىسى 1472 مېتىر كېلىدۇ. تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئىچىدە بىر قانچە تەكشى كەتكەن تۈزلەڭلىك بار. تاغنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي قىسىملىرىدىكى بىر قانچە ئورۇندا يەر ئاستى سۇ ئېغىزلىرى بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمىنىڭ بىر قانچە جايلىرىدا يازلىق سۇ ساقلاش سېغىزلايلاتمىلىرى، غەربىدە خېلى زور كۆلەمدىكى كۆچمە قۇم بارخانلىرى، تاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە قۇربان تۇڭغۇت چۆلى، غەربىي قىسمى ئوتتۇرا سۈزئەتلىك كۆچمە قۇمدىن تەركىب تاپقان.

بۇ تەبىئىي ئاسىراش رايونىنىڭ ھاۋا كىلىماتى يازلىقى قۇرۇق ئىسسىق، قىشلىقى قاتتىق سوغاق بولىدۇ. مۇشۇ رايوننىڭ ئەتراپىدىكى ھاۋا رايى پونكىتلىرىنىڭ ئىستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، يىل بويى كۈنلۈك ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 30°C دىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولىدىغان كۈن تەخمىنەن 25 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە نىسبىي نەملىك %50، ئايلىق كىچىك نىسبىي نەملىك كۆپىنچە %10 دىن تۆۋەن بولىدۇ. يانۋاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 12.9°C- بولۇپ، يىللىق بوران (پەيتلىك بوران تېزلىكى سېكۇنتىغا 17 مېتىردىن تېز ياكى تەڭ) تەخمىنەن 25 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ.

ياز پەسلىدە، ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ نەم ھاۋاسى جۇڭگو — سوۋېت چېگرىسىدىكى بىر قانچە تاغ ئېغىزى

## «شىنجاڭدا»

دىن كىرىپ، تەڭرى تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، قاراملى تاغلىرى، بەيتىك تاغلىرى ئەتراپىدا يامغۇر شەكىللەندۈرۈپ، شامالغا يۈزلەنگەن يان باغىرلاردا كۆپرەك يامغۇر ياغىدۇ. بۇ رايوننىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 159.1 مىللىمېتىر بولۇپ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن سەل كۆپرەك.

تاغنىڭ شىمالىدىكى چوقايلىق ئىت سىيگەك، تاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چوقايلىق سۆكسۆك، تاغنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇق ئاق سۆكسۆك قاتارلىق ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى بىلەن قاپلانغان. تاغنىڭ شىمالىنىڭ ئۆسۈملۈك بىلەن پۈركىنىشى تاغنىڭ جەنۇبىغا قارىغاندا سەل زورراق. ياز پەسلى قاتتىق ئىسسىق بولغاچقا چارۋىلارنىڭ ھەركەتلىنىشىگە بىئەپ. قىش پەسلى قاتتىق سوغاق بولۇپ قاتتىق بوران چىقىدۇ، تارىختىن بۇيان كىشىلەر بۇ رايوننى ناھايىتى ئاز قىشلاق ئورنى قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رايون تازا ياخشى چارۋىچىلىق مەيدانى بولالمايدۇ؛ لېكىن باھار پەسلىدە يۈز مىڭلىغان تۇياق چارۋا - مال بۇ يەردىن ئۆتۈپ، ئالتاي تاغلىرىغا ئاپىرىلىپ بېقىلىدۇ. كۈز پەسلىدە تۈپ - تۈپ چارۋا - ماللار يەنە بۇ يەردىن ئۆتۈپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى ئېتەكلىرىدە قىشلايدۇ.

بۇ تەبىئى ئاسراش رايونىنىڭ تەبىئى شارائىتى موڭغۇل ياۋا ئېشىكىگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ياۋا ئېشەك ئەسلىدە ماناس، قاراملى تاغلىرى، بەيتىك تاغلىرى، ئاراتۈرۈك، قۇمۇل ۋە گەنسۇنىڭ مازۇڭ سەن تېغى قاتارلىق جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىنسانىيەت پائالىيەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە قارغۇلارچە ئوۋلاش ناتارلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى زور دەرىجىدە تارىيىپ نەسلى قۇرۇش دەرىجىسىگە يەتتى. ھازىرغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا، ئەسلىدىكى ياۋا ئېشەك تارقالغان رايونلار ئىچىدە، پەقەت قاراملى تاغلىرىدىلا زور بىر توپى ساقلىنىپ قالغان. ئىرسىيەت نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، بۇ رايوندىكى ياۋا ئېشەك يېتەرلىك سانغا ئىگە ئىكەن.

يۈگرەك ياۋا ئېشەك ۋە ھازىر ئىزلەۋاتقان ياۋا ئات، ئىگىز بۇرۇنلۇق بۆكەن قاتارلىق قىممەتلىك ھايۋانلارنى ئاسراش ئۈچۈن، 1982 - يىلى 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تەبىئى ئاسراش رايونى — قاراملى تېغى تۇياقلىق ياۋايى ھايۋاناتلارنى تەبىئى ئاسراش رايونى قۇرۇلدى.

ياقۇپ ناسىر تەرجىمىسى

## قۇياش ئېنېرگىيىلىك چىش چوتكىسى

ياپونىيە ئالىملىرى يېقىندا قۇياش ئېنېرگىيىلىك چىش چوتكىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. بۇ سۈلياۋ چىش چوتكىسىنىڭ سېپىغا مەلۇم مىقداردا TizO (تىتانى ئوكسىد) قاچىلانغان بولۇپ، كۈن نۇرى چۈشكەندىن كېيىن، تىتانى ئوكسىدلىق بىرىكمىسى ئېلېكترون دەستىسى چىقىرىدۇ. بۇ ئېلېكترون دەستىلىرى سۇدا نېپىز پەردە ھاسىل قىلىپ، چوتكىنىڭ قىللىرىنى قاتتىقلاشتۇرىدۇ ھەمدە چىش ۋە چىشنىڭ ئەتراپىدا مىكرو ئېلېكتىر مەيدانى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئېلېكتىر مەيدان ئېقىمىكتى تەسىرىدىن چىشتىكى كىر تېزلا چىقىپ كېتىدۇ.

# خەيىر-خوش ئەزرائىل

(ئىلمىي ھېكايە)

قەھرىتان سوغاق كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى، ۋاڭچۈن كەچلىك سىمىنىدىن چۈشۈپ ناھايىتى ئالدىراش ئۆيىگە قايتتى.

ئۇ ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ «بۇ كۈنلەردە ئادەم تۇمشۇغىنىمۇ ئۈششۈتۈپ قويىدۇ» دەپ غۇدۇرىدى ـ دە، تەكشۈرۈپ باقماقچى بولغاندەك بۇرۇن ۋە ئىڭەكلىرىنى سىلاشتۇرۇپ قويدى.

ئايالى ئىشقا كەتكەن ئىدى. ئۇ ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھارغىنلىق يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، «ئۇخلىۋالاي، ھاۋا بەك سوغاق، ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماي يەنە» دىگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈرگەچ، ئوچاققا كۆمۈر لىقلىدى. تۇيۇقسىز ئوچاقنىڭ ئوتخانىسىدىن پۇرۇلداپ ئىس چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كاڭنىڭ يوچۇقلىرىدىنمۇ ئۈزۈلمەي ئىس چىقىشقا باشلىدى. ئۇ دەرھال تاراپ كېتىۋاتقان ئىسقا، ئوچاققا قارىدى دە، دەرۋەقە كاڭ بىلەن ئوچاقنى رېمونت قىلىش كېرەك ئىدى. ھېچ چولا تەگمەيۋاتىدۇ، ئەتە چوقۇم سىپىۋېتىمەن دىگەننى كۆڭلىدىن كەچۈردى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە كۆمۈرگە سۇ سەپكەندىن (ئادەتتە نەم كۆمۈردە ئوت باسۇرسا ئىس چىقمايدۇ، ئۇزۇنراق كۆيىدۇ دېيىلەتتى) كېيىن ئىشىككە تاقاقنى سېلىپ، بېشىنى ئوچاق تەرەپكە قىلىپ تاتلىق ئۇيقىغا كەتتى.

ئارىدىن قانچە ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمىدى، بىر ۋاقىتتا ۋاڭ چۈن ئىسەدىرەش ئىچىدە ئىشىك قاققان ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئايالى چۈشلۈك تاماققا كەلگەن ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى ئىدى، ئەمما ئاغامچا بىلەن باغلاپ قويغاندەك ئورنىدىن تۇرالمىدى. جاۋاپ قايتۇرماقچى بولغاندا تىلى كالۋالىشاتتى. بۇ نىمە ھادىسە؟

«قىمىرلىما!» ـ دىگەن قوپال بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ قاراشتۇرغان ئىدى، ھېچنىمىنى كۆرەلمىدى.

— كىمسەن؟

— مەن، كاربون چالا ئوكسىدى.

— سەن نەدە؟

— مەن ئۆيدە، ھەم سېنىڭ ئۆپكەڭ بىلەن قېنىڭدا.

— سىنى نىمىشقا كۆرەلمەيمەن؟

— مەن ئەزەلدىن رەڭسىز، پۇراقسىز، ئىزدېرەكسىز، مېنى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ.

— نىمىشقا كەلدىڭ؟

— ئەزرا ئىلنىڭ بۇيرىغىنى بىمانەن سېنى جەھەننەمگە ئۇزاتقىلى كەلدىم. گەپ ـ سۆز-



لەر تاش يۈرەكلەرچە ئېيتىلىۋاتاتتى. ۋاڭ چۈن ئىختىيارسىز جىددىيلىشىشكە باشلىدى.

— ئوتتۇرىمىزدا ئاداۋەت بولمىسا، نېمىشقا ماڭا زىيانكەشلىك قىلىسەن؟

— تۇرمۇش بىلىمىڭ ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن جازاغا تارتىمەن، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوتنى باسۇرۇپ قويدۇڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئىنتايىن ھورۇن بولۇپ ئوچۇغۇڭنى ئۈزۈنىچە رېمونت قىلمىدىڭ، بۇ ئىككى قىلمىشىڭ بىلەن ئۆلۈمگە مەھكۇمسەن.

— سەن قانداق كىردىڭ؟

— مېنىڭ تارقىلىش كۈچۈم زور، يوچۇق بولسىلا شۇڭغۇپ كىرەلەيمەن، سەن ئۇخلاۋاتقاندا مەن ئەزرائىلنىڭ بۇيرىقىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوچاق ۋە كاڭ يوچۇقلىرىدىن چىقتىم.

— سەن مېنى قانداق ئۆلتۈرەي دەيسەن؟

— مەن نەپەس يوللۇرۇڭدىن ئۆتۈپ ئۆپكە پۇۋەكچىسى ئارقىلىق قېنىڭغا كىرىپ، قان قىزىل ئاقسىلى بىلەن بىرلەشسەم كاربونلاشقان قان قىزىل ئاقسىلى ھاسىل بولىدۇ. شۇ چاغدا قان قىزىل ئاقسىلى ئوكسىگېن يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ ھەمدە ئوكسىگېن بىلەن قان قىزىل ئاقسىلىنىڭ نورمال پارچىلىنىشىغا توسالغۇلۇق قىلىپ، بەدەن توقۇلمىلىرىدا ئۆتكۈر ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە ھۈجەيرە پىگمېنتنى ئوكسىدلىغۇچى فېرمېنتتىكى ئوكسىدسىزلىنىش تىپىغا ئىككى ۋالېنتلىق تۆمۈر بىلەن بىرىكىپ، توقۇلما ھۈجەيرىسىنىڭ ئىچكى نەپەسلىنىشىنى بىۋاستە تورمۇزلاپ، سېنى شۇ زامان ئۆلتۈرىمەن.

بۇ چاغدا ۋاڭ چۈننىڭ قاتتىق ئاغرىش بىلەن تەڭ يۈرىكى كۆپۈلدەپ سېلىپ، دېمى بوغۇلۇۋاتاتتى.

— ۋاڭ چۈن، ئىشىكنى ئاچ، ئاچ ئىشىكنى، — دەپ توۋلىغان ئاۋاز تېخىمۇ كۈچەيدى.

— ئىشىكنى ئېچىپ بېرەي.

— بولمايدۇ!

— ئىشىك ئېچىلسا ساپ ھاۋا كىرىپ، ساڭا شىپالىق بېرىدۇ - دە، مەن بۇرچۇمنى ئادا قىلالمايمەن.

— سەن بەكمۇ شەرمەندە بىرنېمىكەنسەن، يوقال كۆزۈمدىن!

— يوقال؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. مېنىڭ قان قىزىل ئاقسىلى بىلەن بىرىكىشكەن ۋاقتىمدىكى كۈچ ئوكسىگېندىن 270 ھەسسە كۆپ. شۇڭا كاربونلاشقان قان قىزىل ئاقسىلى ھاسىل بولغاندىن كېيىن، پارچىلىنىشىمۇ ئاستا بولىدۇ. مەن پەقەت ئۆپكە پۇۋەكچىسىدىكى سۇيۇقلۇق تۆۋەنلىگەندىلا ئاندىن ئاستا - ئاستا ئۆپكە پۇۋەكچىسىدىن پارچىلىنىپ چىقىمەن. لېكىن مەن ھازىر قانغا ئولتۇرۇپ، توختىماي ئىلگىرلەپ، سېنىڭ ئالىي قوماندانلىق شىتابىڭ چوڭ مېڭەڭگە يۈرۈش قىلىمەن.

— مۇنداق بولىدىكەن، قارشىلىق كۆرسىتىمەن.

— بىز ھەرگىز ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايمىز، ئەڭ ئاخىرىدا سەن ئۆلسەن مەن ياشايمەن.

— ياق سەن ئۆلسەن، مەن ياشايمەن!

— سەن ئاللىقاچان يېنىك زەھەرلەندىڭ.

— مەن ئۈستۈڭدىن غالىب چىقىمەن!

شۇنىڭ بىلەن تىركىشىش، ئېلىشىشتىن ئىبارەت بىر مەيدان ئىس - تۈتەكسىز كۆرەش تەن ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئاخىرى ۋاڭ چۈن كاڭنىڭ لېۋىگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

كاربون چالا ئوكسىدى ئەسەبىيلەشكەن ھالدا: ساڭا ئۆزەمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام، — دەپ ۋاقىرىدى.

ۋاڭ چۈن بىردەمدىلا ئۆزىنى بېسىۋالغۇسىز دەرىجىدە كۆڭلى ئېلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس

قىلدى ـ دە، ئارقىدىنلا غاقىراپ قوسقىلى تۇردى. بېشى قېيىپ جىمى جاھان يىقىراپ، كۆزلىرى تورلىشىپ، سانسىزلىغان يۇلتۇزلار چاقنىغاندەك بولدى.

«ۋاڭ چۇن، تېز، تېزرەك ئىشىكنى ئاچ» — ئايالىنىڭ تاقەتسىزلەنگىنى روشەن ئىدى.

«شۇنداق، ئىشىكنى ئېچىشىم كېرەك» — ئۇ دەلدۈگۈنۈپ ئالدىغا سىلجىدى.

«يىقىل!» بۇ — ئىبلىس چالا ئۆكسىدىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

«يىقىلىشقا بولمايدۇ!» ئۇ چىشىنى مەھكەم چىشلىدى، لېكىن يەنىلا دەلدۈگۈنەتتى.

«يىقىل، يىقىلىپ چۈش!» — كاربون چالا ئۆكسىدى چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، چۇقان سالماقتا ئىدى.

«باش ئىگەمدىمەن؟ ياق! ھەرگىز باش ئەگمەيمەن! ھەي ماغدۇر، نەگىمۇ كەتكەنسەن؟» ئۇنىڭ ئۆگە - ئۆگىلىرى بوشىشىپ، ئىككى پۇتى ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى چىداشلىق بېرەلمەي پالاقىدە يىقىلدى.

«ۋاڭ چۇن، ئىشىكنى نېمىشقا ئاچمايسەن؟ تېز ئاچ!» — ئايالىنىڭ - سەۋرى تاقەتسىز بۇ چاقىرىشلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەتتى.

«ماڭالمىدىم؟ ئۆملەي! ئالغا ئىلگىرلەي!» — ۋاڭ چۇن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىركەشمەكتە ئىدى...

ئىشىك ئاخىرى ئېچىلدى. ۋاڭ چۇنمۇ ھوشىدىن كەتكەن ئىدى.

— ۋىييەي، بۇ نېمە ئىش؟ — ئايالى ۋاقىرىغىنىچە ئۇنى يۆلىدى. ئايالى ئۇنىڭ نەپەسلىنىشىنىڭ جىددىيلىكىنى، يۈزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى، بولۇپمۇ لەۋلىرىنىڭ ئاچ قىزىل رەڭگە كىرىپ قالغانلىقىنى كۆردى «بولماپتۇ! كۆمۈر گازىدا زەھەرلىنىپتۇ!».

قۇتقۇزۇش ماشىنىسى دوختۇرخانىغا ئۇچقاندەك يېتىپ باردى. جىددىي قۇتقۇزۇش بولۇمىدە قۇتقۇزۇش خىزمىتى كېتىۋاتماقتا ئىدى.

ئوكسىل جازىلىرىغا بوتۇلكىلا ئېسىلغان بولۇپ، ھوشىغا كەلتۈرۈش دورىسى ۋېناغا سۇيۇقلۇق كىرگۈزۈش نەيچىسىدىن تامچىلاپ قانغا كىرمەكتە ئىدى. ئوكسىگېن سۈمۈرۈش نەيچىسى ئۆپكە پۇۋەكچىسىدىن ئۆتۈپ، كاربون چالا ئوكسىدى بىلەن شىددەتلىك جەڭ باشلىۋەتتى.

ئۆپكە پۇۋەكچىسىدە ئوكسىگېن تەدرىجى كۆپىيىپ، كاربون چالا ئوكسىدى ئازلاشقا باشلىدى. قاندا كاربونلاشقان قان قىزىل ئاقسىلى ئاجراشقا باشلاپ، قان قىزىل ئاقسىلى بىردىنلا كۆپىيىشكە باشلىدى.

«ۋاڭ چۇن، مەن ئوكسىگېن بىلەن كۈچ ئېلىشالمىدىم. كۆنايىغىدىن ئۆتەي» — كاربون چالا ئوكسىدىنىڭ بۇ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ھالسىرىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇنداقتا مەن غەلىبە قىلدىم. خەير - خوش ئەزرائىل.

شۇنىڭ بىلەن كاربون چالا ئوكسىدى قويرىقىنى ئىكىۋەتتى.

ۋاڭ چۇن، ھوشىغا كەلدى.

— «نېمە دېگەن خەتەرلىك — ھە!» ئايالى ئۇلۇق تىندى.

ئەتىكىنچى كۈنى ۋاڭ چۇن دوختۇرخانىدىن چىقىپ، ساپ ھاۋادىن بەھۇزۇر نەپەس ئالدى. تاڭ سەھەر نېمە دېگەن گۈزەل - ھە! ھاياتنى قەدىرلەيلى! جۇشقۇن ھايات بىزنى چاقىرماقتا!

تۇرسۇن يۈسۈپ تەرجىمىسى



# دۇنيادىكى يېڭىلىقلار




ياپونىيىدە ئېلېكترو ماگنىت كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يۇقۇرى سۈرئەتلىك چاقسىز پويىزنى تەتقىق قىلىپ ياسىماقتا.



ياپونىيىدە سەنئايى ئاھېيىسى فانوك شىركىتىنىڭ مېخانىكىلىق ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى ئىشلەش سېخىدا ماشىنا ئادەم، ئۆزۈنما ئەسۋاپ ۋە مىكرو ھېسابلاش ماشىنىلىق رەقەم بىلەن كونتىرول قىلىش ستانوكى ياسايدۇ.



ۋېنگرىيىدە ئىشلەنگەن ئايرودۇ-
رۇمدا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل



ئامېرىكا بىر تەتقىقات مەركىزى، سانائەتتە ئىشلىتىلگەن پاسكىنا سۇ ۋە مېتال ئايرىلاش سۇنى بىر تەرەپ قىلىشتا نەتىجە قازاندى.



ياپونىيە دابەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى «لازېر نۇرى — 12»

